# ÖN SÖZ

Dil, düşünmenin ve düşünüleni ifade etmenin vasıtasıdır. Dil olmasa anlam denilen yumağı çözemez, anlatım denilen dokumayı öremezdik. Biz dil ile gönül sözümüzü söylüyor söylediklerimizi dinletiyoruz. Kültürümüzün unsurlarını geçmişten günümüze dil taşımaktadır.

Türkçe, dünyada en çok konuşulan dillerden biri olarak ehemmiyetli bir yere sahiptir. Bu mühim dilin yabancılara öğretilmesi için günümüzde pek hatırı sayılır çalışma olduğu söylenemez.

Elinizdeki kitap Türkiye Türkçesinin öğretilmesi hedefiyle hazırlanmış titiz bir çalışmanın ürünüdür. Yazar, kitapta Türkiye Türkçesinin dil bilgisini anlatmış ve dil bilgisi kurallarının ardından da bu kuralların uygulandığı örnek metinlerle kitabı zenginleştirmiş ve kuralların akılda kalıcılığını sağlamıştır. Kitap, içinde yalnızca kalıp dil bilgisi kurallarının verildiği bir çalışma değil okuyucuya sunuş becerisiyle aynı zamanda kendini okutan bir kitap niteliğindedir. Okuma metinlerinin ardından verilen kelimeler kısmı ile metinlerde geçen kelimeler tekrarlanmış böylece okurun kelime haznesini zenginleştirmek hedeflenmiştir.

Eser zengin içeriğinin yanında renkli baskısıyla da okurun dikkatini cezbetmektedir. Kitapta kullanılan metinler Türkiye kültürüyle ve Türkiye'deki yaşama biçimiyle alakalı metinlerdir. Bu metinler sayesinde okur Türkiye Türkçesini öğrenirken Türkiye'deki yaşama biçiminden de haberdar olacaktır.

Kitabın Türkiye'de ve Türkiye dışında yabancılara Türkçe öğretimi konusundaki çalışmalara katkı sağlamasını ümit ediyoruz. Bu çalışmasından dolayı yazarı tebrik ediyor ve böyle çalışmaların devamını temenni ediyoruz.

Türk Dil Kurumu Başkanı
Prof. Dr. Mustafa S. KAÇALİN

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurktap.com

# كىرىش سۆز

تىل ، ئويلاش ۋە ئويلىغاننى ئىپادە قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. تىل بولمىسا مەنەدىن چېگىلگەن تۈگىنەكنى يېشەلمەس، تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت رەختنى توقۇيالماس ئىدۇق. بىز تىل بىلەن كۆڭۈل سۆزلىرىمىزنى ئېيتىمىز ۋە ئېيتقانلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز. بىز تىل ئارقىلىق مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىمىزنى ئۆتمۈشتىن هازىرقى كۈنىمىزگە يەتكۈزمەكتىمىز.

تۈركچە ، دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تىللاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەهمىيەتلىك بىر ئورۇنغا ساهىپتۇر. بۇ تىلنى باشقا مىللەتلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن هازىرقى كۈنىمىزدە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتقان هەمدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلار كۈندىن كۈنگە كۆپەيمەكتە.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ تۈركىيە تۈركچىسىنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە تەييارلانغان بولۇپ ، تۈزگۈچى كىتاپتا تۈركىيە تۈركچىسىنىڭ گىراماتىكىلىرى ئۈستىدە توختالغان ۋە گىراماتىكىلىق قائىدىلەردىن كېيىن بۇ قائىدىلەرگە ماس هالدا ئۆرنەك تېكىستلەر بىلەن كىتاپنىڭ مەزمۇنىنى مولالاشتۇرغان بۇ ئارقىلىق قائىدىلەرنىڭ ئاسان ئەستە قېلىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇ كىتاپنىڭ ئىچىدە پەقەت گىراماتىكىلىق قائىدىلەر بېرىلىپلا قالماستىن ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى بىلەن ئۆگەنگۈچىلەر ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. تېكىستلەرنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن يېڭى سۆزلەر بۆلۈمى بىلەن تېكىستتىكى خام سۆزلەر تەكرارلانغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەننىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش نىشان قىلىنغان.

ئەسەر مول مەزمۇنى بىلەن بىللە رەڭلىك باسمىسى بىلەنمۇ ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇسى. كىتاپتا ئىشلىتىلگەن تېكىستلەر تۈركىيە مەدەنىيىتى بىلەن ۋە تۈركىيەدىكى تۇرمۇش شەكلى بىلەن ئالاقىدار تېكىستلەردۇر. بۇ تېكىستلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەن تۈركىيە تۈركچىسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا تۈركىيەدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەنمۇ خەۋەردار بولالايدۇ.

كىتاپنىڭ تۈركىيەدە ۋە تۈركىيە سىرتىدىكى چەتئەللىكلەرگە تۈركچە ئۆگىتىش خىزمىتى ئۈچۈن مۇهىم تۆهپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ خىزمىتى سەۋەبلىك تۈزگۈچىنى تەبرىكلەيمىز ۋە بۇ تىرىشچانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

تۈرك تىل جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى
پروفېسسور دوكتور مۇستافا كاچالىن

# Nurlan® نۇرلان ئېلقەلەم ئىشلىتىش قوللانمىسى




## كونۇپكا رايونى

1- ئۇن ئىلىش كونۇپكىسى
2- MP3 تاللاش
3- قەلەم ئۇچى
4- ئىچىش ـ ئېتىش كونۇپكىسى
5- ۋاقىتلىق توختىتىش كونۇپكىسى
6- قەلەم قويغۇچ
7- ياڭراتقۇ
8- ئاۋاز تەڭشەش
9- USB زەرەتلەش
10- قۇلاقلىق

## مەشغۇلات چۈشەندۈرمىسى:

تۈك مەنبەسى كۇنۇپكىسىنى يېنىك باسقاندا، ئېلقەلەم ئېچىلىش ئاۋازى ئاڭلىنىپ قەلەم ئوقۇش ھالىتىگە كىرىدۇ.بۇ چاغدا مەشغۇلات قىلىشقا بولىدۇ. «+» بەلگىسىنى باسقاندا ئاۋاز كۈچەيتكىلى، «ـ »بەلگىسىنى باسقاندا ئاۋاز تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.ئېلقەلەم ئۇچىنى كىتاپ يۈزىدىكى خەت ۋە رەسىملەرگە تەككۈزسەك ماس كەلگەن ئاۋاز ياكى تاۋۇش ئاڭلىنىدۇ. كىتاپتىكى يوشۇرۇن سىزىقلىق كودلارغا كىتاپتىكى بارلىق مەزمۇن قاپلانغان بولۇپ چېكىپلا ئوقۇتقىلى بولىدۇ . ئوقۇش سەزگۈرلىكىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەككەندە قەلەمنى كىتاپ يۈزىگە تىك تۇتۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چېكىش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولماسلىق ۋە بەك تېز بولۇپ كەتمەسلىك لازىم . ئۇنداق بولمايدىكەن قايتا ئوقۇلۇپ قالىدۇ . ئېلقەلەمگە يوشۇرۇن كود تونۇيدىغان ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئېلكترونلۇق زاپچاس قوللىنىلغان بولۇپ، كىتاپنى چەككەندە بەك كۈچەپ كەتمەسلىك كېرەك .

دىققەت: سەپلەنمىگەن كىتاپلارنى ئوقۇشقا بولمايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# Alfabe ئېلىپبە

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| Aa |  | |  | Bb |
| ئا | Araba ماشىنا | | Balık بېلىق | ب |
| Cc |  | |  | Çç |
| ج | Ceviz ياڭاق | | Çocuk بالا | چ |
| Dd |  | |  | Ee |
| د | Deniz دېڭىز | | El قول | ئە |
| Ff |  | |  | Gg |
| ف | Futbol پۇتبول | | Garson كۈتكۈچى | گ |
| Ğğ |  | |  | Hh |
| غ | Coğrafya جۇغراپىيە | | Hediye سوۋغات | ھ |

# Alfabe ئېلىپبە

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| I ı |  | |  | İ i |
| ئي | Irmak<br>ئۆستەڭ | | İnek<br>كالا | ئى |
| J j |  | |  | K k |
| ژ | Jandarma<br>قوراللىق<br>ئەترەت | | Kahve<br>قەھۋە | ك |
| L l |  | |  | M m |
| ل | Limon<br>لىمون | | Merdiven<br>پەلەمپەي | م |
| N n |  | |  | O o |
| ن | Nar<br>ئانار | | Otel<br>مېھمانخانا | ئو |
| Ö ö |  | |  | P p |
| ئۆ | Ördek<br>ئۆردەك | | Pasta<br>تورت | پ |

www.uyghurkitap.com

# Alfabe ئېلىپبە

**R r**



Reçel
مۇراببا

ر

**S s**



Sarımsak
سامساق

س

**Ş ş**



Şişe
بوتۇلكا

ش

**T t**



Tren
پويىز

ت

**U u**



Uyku
ئۇيقۇ

ئۇ

**Ü ü**



Ütü
دەزمال

ئۈ

**V v**



Vişne
گىلاس

ۋ

**Y y**



Yıldız
يۇلتۇز

ي

**Z z**



Zeytin
زەيتۇن

ز

## Dil bilgisi ## گرامماتىكا

**Türkiye Türkçesinde 29 harf vardır.**

تۈركىيە تۈركچىسىدە 29 ھەرپ بار بولۇپ ،

**Bu harflerin sekizi ünlüleri, yirmi biri ünsüzleri karşılar.**

بۇ ھەرپلەرنىڭ سەككىزى سوزۇق تاۋۇش ، يىگىرمە بىرى ئۈزۈك تاۋۇش .

### Ünsüzler ئۈزۈك تاۋۇشلار:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| Bb | Cc | Çç | Dd | Ff | Gg | Ğğ |
| Hh | Jj | Kk | Ll | Mm | Nn | Pp |
| Rr | Ss | Şş | Tt | Vv | Yy | Zz |

### Sert ünsüzler جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار

| | | | |
|---|---|---|---|
| Pp | Tt | Çç | Kk |
| Ss | Şş | Ff | Hh |

### Yumuşak ünsüzler جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| Bb | Dd | Cc | Gg | Ll | Mm | Nn |
| Rr | Zz | Jj | | Ğğ | Vv | Yy |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# Ünlüler سوزۇق تاۋۇشلار

| | | | |
|---|---|---|---|
| Aa | Iı | Oo | Uu |
| Ee | İi | Öö | Üü |

## Kalın ünlüler توم سوزۇق تاۋۇشلار

| | | | |
|---|---|---|---|
| Aa | Iı | Oo | Uu |

## İnce ünlüler ئىنچىكە سوزۇق تاۋۇشلار

| | | | |
|---|---|---|---|
| Ee | İi | Öö | Üü |

## Sayılar سانلار

| | | |
|---|---|---|
| 1 bir | 2 iki | 3 üç |
| 4 dört | 5 beş | 6 altı |
| 7 yedi | 8 sekiz | 9 dokuz |
| 10 on | 11 on bir | 12 on iki |
| 13 on üç | 14 on dört | 15 on beş |
| 16 on altı | 17 on yedi | 18 on sekiz |
| 19 on dokuz | 20 yirmi | 30 otuz |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 40 | kırk | 50 | elli |
| 60 | altmış | 70 | yetmiş |
| 80 | seksen | 90 | doksan |
| 100 | yüz | 100000 | yüz bin |
| 1000 | bin | 1000000 | bir milyon |
| 10000 | on bin | 1000000000 | bir milyar |

www.uyghurkitap.com

## Mevsimler — پەسىللەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| İlkbahar<br>باھار | | | Yaz<br>ياز |
| Sonbahar<br>كۈز | | | Kış<br>قىش |

## Aylar — ئايلار

| | | | |
|---|---|---|---|
| Ocak<br>ھۇت<br>1 ـ ئاي | Şubat<br>قەھرىتان<br>2 ـ ئاي | Mart<br>نەۋرۇز<br>3 ـ ئاي | Nisan<br>ئۇمىد<br>4 ـ ئاي |
| Mayıs<br>باھار<br>5 ـ ئاي | Haziran<br>سەپەر<br>6 ـ ئاي | Temmuz<br>چىللە<br>7 ـ ئاي | Ağustos<br>تومۇز<br>8 ـ ئاي |
| Eylül<br>مىزان<br>9 ـ ئاي | Ekim<br>ئوغۇز<br>10 ـ ئاي | Kasım<br>ئوغلاق<br>11 ـ ئاي | Aralık<br>كۆنەك<br>12 ـ ئاي |

# Günler

# كۈنلەر

| | | |
|---|---|---|
| **Pazartesi** | **Salı** | **Çarşamba** |
| دۈشەنبە | سەيشەنبە | چارشەنبە |
| **Perşembe** | **Cuma** | **Cumartesi** |
| پەيشەنبە | جۈمە | شەنبە |
| **Pazar** | | |
| يەكشەنبە | | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**Çoğulluk ekleri: +lar /+ler** (كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى)

ئەگەر سۆزنىڭ تەركىبىدە a ı o u سوزۇق تاۋۇشلىرى بولسا ، +lar قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| سومكىلار | ئىستاكانلار | كىتاپلار | ماشىنىلار |
| çantalar | bardaklar | kitaplar | arabalar |

ئەگەر سۆزنىڭ تەركىبىدە e i ö ü سوزۇق تاۋۇشى بولسا ، +ler قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قەلەملەر | كۆزەينەكلەر | ئوقۇغۇچىلار | بولكىلار |
| kalemler | gözlükler | öğrenciler | ekmekler |

**Soru parçacıkları: mı, mi, mu, mü** (سوراق قوشۇمچىلىرى)

تۈرك تىلىدا سۆزلەرگە سوراق قوشۇمچىلىرى mı, mi, mu, mü نى قوشۇش ئارقىلىق سوئال جۈملىلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن :

| | | | |
|---|---|---|---|
| Üzgün mü? | Okul mu? | Defter mi? | Masa mı? |
| پەرىشانمۇ؟ | مەكتەپمۇ؟ | دەپتەرمۇ؟ | ئۇستەلمۇ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| a ı→-mı | Kitap mı? | Masa mı? | Uçak mı? | Zürafa mı? |
| | كىتاپمۇ؟ | ئۈستەلمۇ؟ | ئايروپىلانمۇ؟ | زىراپىمۇ؟ |
| e i→-mi | Defter mi? | Şişe mi? | Cami mi? | Ev mi? |
| | دەپتەرمۇ؟ | بوتۇلكىمۇ؟ | مەسچىتمۇ؟ | ئۆيمۇ؟ |
| o u→-mu | Okul mu? | Yunus mu? | Garson mu? | Havlu mu? |
| | مەكتەپمۇ؟ | كىتمۇ؟ | كۈتكۈچىمۇ؟ | لۆڭگىمۇ؟ |
| ö ü→-mü | Üzgün mü? | Sözlük mü? | Müdür mü? | Üç mü? |
| | پەرىشانمۇ؟ | لوغەتمۇ؟ | مۇدىرمۇ؟ | ئۈچمۇ؟ |

## Tekrarlayalım ئەگىشىپ ئوقۇيلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| Öğretmenler | Bilgisayarlar | Dolaplar | Öğrenciler |
| ئوقۇتقۇچىلار | كومپيۇتېرلار | ئىشكاپلار | ئوقۇغۇچىلار |
| Pencereler | Doktorlar | Saksılar | Köpekler |
| دېرىزىلەر | دوختۇرلار | تەشتەكلەر | ئىتلار |
| Fincanlar | Kapılar | Kuşlar | |
| پىيالىلار | ئىشىكلەر | قۇشلار | |

www.uyghurkitap.com

## Tekrarlayalım

## ئەگىشىپ ئوقۇيلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| Temiz mi? | Sınıf mı? | Gözlük mü? | Öyle mi? |
| پاكىزمۇ؟ | سىنىپمۇ؟ | كۆزەينەكمۇ؟ | شۇنداقمۇ؟ |
| Sıcak mı? | Soğuk mu? | Kalabalık mı? | Şehir mi? |
| ئىسسىقمۇ؟ | سوغۇقمۇ؟ | ئاۋاتمۇ؟ | شەھەرمۇ؟ |
| Sözlük mü? | Çocuk mu? | Büro mu? | Sevimli mi? |
| لۇغەتمۇ؟ | بالىمۇ؟ | ئىشخانىمۇ؟ | سۆيۈملۈكمۇ؟ |
| Bekâr mı? | Müdür mü? | | |
| بويتاقمۇ؟ | مۇدىرمۇ؟ | | |

Merhaba

مەرهابا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# Tanışma
# تونۇشۇش

Orhun: Merhaba

ئورخۇن: مەرھابا

Aygül: Merhaba

ئايگۈل: مەرھابا

Orhun: Benim adım Orhun, sizin adınız ne?

ئورخۇن: مېنىڭ ئىسمىم ئورخۇن، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

Aygül: Benim adım Aygül.

ئايگۈل: مېنىڭ ئىسمىم ئايگۈل.

Orhun: Tanıştığımıza memnun oldum.

ئورخۇن: تونۇشقانلىقىمىزدىن خۇشالمەن

Aygül: Ben de memnun oldum.

ئايگۈل: مەنمۇ خۇشالمەن.

# Tanışma  تونۇشۇش

Orhun: Nasılsınız?

ئورخۇن: ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ (ياخشىمۇسىز؟)

Aygül: Teşekkür ederim, iyiyim, siz nasılsınız?

ئايگۈل: رەھمەت ، مەن ياخشى . سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

Orhun: Teşekkürler, ben de iyiyim.

ئورخۇن: رەھمەت ، مەنمۇ ياخشى .

Aygül: İyi günler.

ئايگۈل: خەيرلىك كۈنلەر! (خوش ، خوشلىشىش مەنىسىدە)

Orhun: İyi günler .

ئورخۇن: خەيرلىك كۈنلەر! (خوش ، خوشلىشىش مەنىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## Tanışma تونۇشۇش

ئائىشە: مەرھابا

Ayşe: Merhaba.

مەريەم: مەرھابا

Meryem: Merhaba.

Ayşe: Benim adım Ayşe, sizin adınız ne?

ئائىشە: مېنىڭ ئىسمىم ئائىشە، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

Meryem: Benim adım Meryem.

مەريەم: مېنىڭ ئىسمىم مەريەم.

Ayşe: Memnun oldum.

ئائىشە: مەمنۇن بولدۇم.

Meryem: Ben de memnun oldum. Nasılsınız?

مەريەم: مەنمۇ مەمنۇن بولدۇم. قانداقراق تۇردىڭىز؟

Ayşe: Teşekkür ederim, iyiyim. Siz nasılsınız?

ئائىشە: رەھمەت، مەن ياخشى، سىز قانداقراق تۇردىڭىز؟

Meryem: Ben de iyiyim. Teşekkür ederim.

مەريەم: مەنمۇ ياخشى تۇردۇم. رەھمەت.

## Tanışma / تونۇشۇش

Ayşe: Nerelisiniz?

ئائشە: سىز قەيەرلىك؟

Meryem: Ben Hotenliyim. Siz nerelisiniz?

مەريەم: مەن خوتەنلىك، سىز قەيەرلىك؟

Ayşe: Ben Türk'üm.

ئائشە: مەن تۈرك (ياكى تۈركىيەلىك)

### Yeni Kelimeler / يېڭى سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| Tanışma | Tanışmak | Nereli? | Nasıl? |
| تونۇشۇش | تونۇشماق | قەيەرلىك؟ | قانداق؟ |
| Neresi? | İyi | Nasılsın? | Ad |
| قەيەر؟ | ياخشى | ئەھۋالىڭ قانداق؟ | ئىسىم |
| Memnun olmak | Hoten | Teşekkür etmek | |
| مەمنۇن بولماق | خوتەن | رەھمەت ئېيتماق | |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



## İsim cümleleri: var, yok ئىسىم جۈملىلىرى: بار، يوق

Türkçede isim cümlelerinde sıkça kullandığımız iki kelimedir “var ile yok”.Bu iki kelimeyle özellikle soru sorar ve cevap veririz.

تۈركچىدە ئىسىم جۈملىلىرىدە دائىم قوللىنىلىدىغان ئىككى سۆز ‹بار، يوق› بولۇپ، بۇ ئىككى سۆز ئارقىلىق سوئال سوراپ، جاۋاپ بېرەلەيمىز.

Örneğin: مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| Bugün boş vaktin var mı? | بۈگۈن بىكار ۋاقتىڭ بارمۇ؟ |
| Evet, bugün boş vaktim var. | ھەئە، بۈگۈن بىكار ۋاقتىم بار. |
| Hayır, bugün boş vaktim yok. | ياق، بۈگۈن بىكار ۋاقتىم يوق. |
| Paran var mı? | پۇلۇڭ بارمۇ؟ |
| Hayır, yok. | ياق، يوق. |
| On liran da mı yok? | ئون لىرامۇ يوقمۇ؟ |
| Maalesef, hiç param yok | ئەپسۇس پەقەتلا پۇل يوق. |
| Evinizde hayvan var mı? | ئۆيۈڭلاردا ھايۋان بارمۇ؟ |
| Var. | بار. |
| Neler var? | نېمىلەر بار؟ |
| Bir kedimiz, bir de kuşumuz var. | مۈشۈك، يەنە قۇشىمىز بار. |

## İyelik ekleri

Türkçede sahiplik, bağlılık, ait olmayı anlatan eklere iyelik ekleri denir. İyelik ekleri ismin karşıladığı nesnenin bir kişiye ya da bir nesneye ait olduğunu belirtir. İyelik ekleri isimleri kendisinden önce gelen ilgi hâlindeki bir kişi zamirine ya da ilgi hâlindeki bir isme bağlar. Şimdi kişilerle birlikte kullanımına örnekler verelim. Önce ünsüzle biten bir kelimeye iyelik eklerini getirelim.

## تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

تۈركچىدە ئىگىدارلىق، باغلىنىشلىق، ئائىتلىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى دەيمىز. تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئىسىم كۆرسەتكەن شەيئىنىڭ بىر كىشىگە ياكى بىر مەۋجۇتلۇققا ئائىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئىسىملارنى ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن كىشىلىك ئالماشقا ياكى ئىسىمغا باغلايدۇ. تۆۋەندە بىرلىكتە كىشىلىك ئالماشلار بىلەن ئىشلىتىلىشىگە مىسال كەلتۈرەيلى. ئالدى بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ باقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# yelik ekleri | تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

| | |
|---|---|
| **Kelimemiz kalem olsun.** | كەلىمىمىز ‹قەلەم› بولسۇن . |
| Benim kalemim | مېنىڭ قەلىمىم |
| Senin kalemin | سېنىڭ قەلىمىڭ |
| Onun kalemi | ئۇنىڭ قەلىمى |
| Bizim kalemimiz | بىزنىڭ قەلىمىمىز |
| Sizin kaleminiz | سىلەرنىڭ قەلىمىڭلار |
| Onların kalemi | ئۇلارنىڭ قەلىمى |
| Onların kalemleri | ئۇلارنىڭ قەلەملىرى |

**Kelimemiz ev olsun.** ئەمدىكى كەلىمىمىز ‹ئۆي›بولسۇن .

| | |
|---|---|
| Benim evim | مېنىڭ ئۆيۈم |
| Senin evin | سېنىڭ ئۆيۈڭ |
| Onun evi | ئۇنىڭ ئۆيى |
| Bizim evimiz | بىزنىڭ ئۆيىمىز |
| Sizin eviniz | سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار |
| Onların evi | ئۇلارنىڭ ئۆيى |
| Onların evleri | ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# İyelik ekleri — تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

Şimdi de ünlüyle biten bir kelimeye iyelik eklerini getirelim.

ئەمدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ باقايلى.

**Kelimemiz anne olsun** — كەلىمىمىز «ئانا»بولسۇن.

| | |
|---|---|
| Benim annem | مېنىڭ ئانام |
| Senin annen | سېنىڭ ئاناڭ |
| Onun annesi | ئۇنىڭ ئانىسى |
| Bizim annemiz | بىزنىڭ ئانىمىز |
| Sizin anneniz | سىلەرنىڭ ئاناڭلار |
| Onların annesi | ئۇلارنىڭ ئانىسى |
| Onların anneleri | ئۇلارنىڭ ئانىلىرى |

**Kelimemiz araba olsun** | كەلىمىمىز ‹ماشىنا› بولسۇن

Benim arabam | مېنىڭ ماشىنام

Senin araban | سېنىڭ ماشىناڭ

Onun arabası | ئۇنىڭ ماشىنىسى

Bizim arabamız | بىزنىڭ ماشىنىمىز

Sizin arabanız | سىلەرنىڭ ماشىناڭلار

Onların arabası | ئۇلارنىڭ ماشىنىسى

Onların arabaları | ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرى

www.uyghurkitap.com

# İyelik ekleri

# تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

| | | |
|---|---|---|
| Benim<br>مېنىڭ | +m,+ım,+im,+um,+üm | Arkadaşım, defterim<br>دەپتىرىم ، دوستۇم |
| Senin<br>سېنىڭ | +n,+ın,+in,+un,+ün | Okulun, hayatın<br>ھاياتىڭ ، مەكتىپىڭ |
| Onun<br>ئۇنىڭ | +ı,+i,+u,+ü,+sı,+si,+su,+sü | Bürosu, saçı<br>چېچى ، ئىشخانىسى |
| Bizim<br>بىزنىڭ | +mız, +miz, +muz, +müz<br>+ımız,+imiz,+umuz,+ümüz | Adresimiz, okulumuz<br>مەكتىپىمىز ، ئادرېسىمىز |
| Sizin<br>سىلەرنىڭ | +nız,+niz,+nuz,+nüz<br>+ınız,+iniz,+unuz,+ünüz | Anneniz, babanız<br>داداڭلار ، ئاپاڭلار |
| Onların<br>ئۇلارنىڭ | +ları, +leri | Okulları, isimleri<br>ئىسىملىرى ، مەكتەپلىرى |

# Günlük Hayat

# كۇندىلىك هايات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Konuşma

A: Hoş geldiniz.
B: Hoş bulduk. Çorba var mı?
A: Evet, domates çorbası var.
B: Hımm...Tamam, iki çorba lütfen.

ئا: خوش كەپسىز.
ب: خوش كەلدىم. شورپا بارمۇ؟
ئا: ھەئە، پەمىدۇر شورپىسى بار.
ب: ھىم...ماقۇل، شورپىدىن ئىككىنى ئەمسە.

## دىئالوگ

A: Bu ayakkabı nasıl?
B: Fena değil; ama 36 numara biraz küçük. 37 numara var mı?
A: Hayır, yok. Yalnızca bu numara var.
B: Hımm...Peki, iyi günler.

ئا: بۇ ئاياق قانداقكەن؟
ب: يامان ئەمەس ئەمما 36 ـ نومۇر ئازراق كىچىك. 37 ـ نومۇر بارمۇ؟
ئا: ياق، يوق. پەقەتلا مۇشۇ نومۇر بار.
ب: ھىم...بولدى. خوش ئەمسە.

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Çorba | شورپا، ئۇماچ |
| Domates | پەمىدۇر |
| Evet | ھەئە |
| Hayır | ياق |
| Tamam | ماقۇل، تامام |
| Lütfen | ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش مەنىلىرىدە قوللىنىلىدۇ |
| Ayakkabı | ئاياق |
| Fena değil | يامان ئەمەس |
| Yalnızca | پەقەت، پەقەتلا |
| Peki | بولىدۇ،ماقۇل، ئەمىسە، ئۇنداق بولسا |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Okuma

Altı çizilen kelimelere dikkat ederek okuyun

ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلغاچ ئوقۇڭ

Ahmet Moskova üniversitesinde öğrenci. Rus dili ve edebiyatı bölümünde okuyor.

Rusya, benim ülkemden çok farklı. Örneğin, hava burada genellikle soğuk oluyor; çünkü kış çok uzun sürüyor. Rus arkadaşlarım kışın gölde yüzüyor ama ben yüzmüyorum. Sadece buz pateni yapıyorum. Rusya soğuk ama güzel bir şehir.

## تېكست

ئەھمەد موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ.

رۇسىيە مېنىڭ دۆلىتىمدىن كۆپ جەھەتتە پەرقلىق. مەسىلەن، بۇ يەردە ھاۋا ئادەتتە سوغۇق، چۈنكى قىشنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئىنتايىن ئۇزۇن. روسىيەلىك دوستلىرىم قىشتا كۆلدە سۇ ئۈزىدۇ، ئەمما مەن ئۈزمەيمەن. پەقەت كاڭكى تېيىلىمەن. موسكۋا سوغۇق ئەمما گۈزەل شەھەر.

## Okuma

Kiristof Rio'da yaşıyor. Evli. Orada bir bankada çalışıyor.

Bence Brezilya harika bir ülke. Burada mevsim her zaman yaz. Brezilya'da farklı kültürlerden insanlar birlikte yaşıyor. Burada insanlar eğlenceden, spordan ve danstan hoşlanıyor. Ben de her akşam işten sonra dans kursuna gidiyorum.

## تېكست

كرىستوف رىيودا تۇرىدۇ. توي قىلىپ بولغان. ئۇ يەردە بىر بانكىدا ئىشلەيدۇ.

مېنىڭچە بىرازىلىيە ئىنتايىن گۈزەل بىر دۆلەت. بۇ يەردە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسى ياز. بىرازىلىيەدە ھەرخىل مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر بىرلىكتە ياشايدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىشنى، چېنىقىشنى ۋە تانسىنى(ئۇسۇلنى) ياخشى كۆرىدۇ. مەنمۇ ھەركۈنى ئاخشىمى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تانسا (ئۇسسۇل) كۇرسىغا بارىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Okuma

Sarah Japonya'da bir okulda İngilizce öğretiyor.

Japonya çok büyük ve modern bir ülke. Ben, başkent Tokyo'da <u>yaşıyorum</u>. Tokyo çok kalabalık bir şehir. Burada hayat çok hızlı ve insanlar çok <u>çalışıyorlar</u>. Tokyo'da çok güzel eğlence yerleri var. Ben genellikle arkadaşlarımla <u>buluşuyorum</u>. Biz sık sık kareoke barlarına <u>gidiyoruz</u>. Orada çok <u>eğleniyoruz</u>.

## تېكىست

سارا ياپونىيەدىكى بىر مەكتەپتە ئېنگلىزچە دەرس ئۆتىدۇ.

ياپونىيە چوڭ ھەم زامانىۋى بىر دۆلەت. مەن پايتەخت توكيودا تۇرىمەن. توكيو ئىنتايىن ئاۋات بىر شەھەر. بۇ يەردىكى ھايات ئىنتايىن تېز، ئادەملىرى ئىنتايىن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. توكيودا ناھايىتى ياخشى كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار. مەن ئادەتتە دوستلىرىم بىلەن ئۇچرىشىمەن. بىز دائىم كارا **ok**غا بارىمىز. ئۇ يەردە قانغۇچە ئوينايمىز.

## Yeni Kelimeler | يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Üniversite | ئۇنىۋېرسىتېت |
| Yüksek okul | ئالىي مەكتەپ |
| Öğrenci | ئوقۇغۇچى |
| Ülke | دۆلەت |
| Çok | ناھايىتى ، كۆپ |
| Örneğin | مەسىلەن |
| Genellikle | ئاساسەن ، ئومۇمەن |
| Soğuk | سوغۇق |
| Sürmek | داۋاملاشماق ، سوزۇلماق ، ھەيدىمەك |
| Arkadaş | دوست ، ئاغىنە ، بۇرادەر |
| Buz pateni | مۇز كاڭكىسى |
| Evli | توي قىلغان ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان |
| Çalışmak | ئىشلىمەك ، ئۆگەنمەك ، تىرىشماق |
| Harika | مۆجىزە، ھەيران قالارلىق ، ئېسىل |
| Kültür | مەدەنىيەت |

# Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Eğlenmek | كۆڭۈل ئاچماق ، ئوينىماق |
| Eğlence | تاماشا، ئويۇن |
| Dans | ئۇسۇل ، تانسا |
| Hoşlanmak | ياقتۇرماق ، مەمنۇن بولماق |
| Öğretmek | ئۆگەتمەك |
| Modern | زامانىۋى |
| Başkent | پايتەخت |
| Kalabalık | ئاۋات ، ئادەم جىق |
| Hızlı | تېز، چاققان |
| Buluşmak | ئۇچراشماق ، كۆرۈشمەك |
| Sık sık | دائىم |
| Bar | قاۋاقخانا، ئىچىملىكلىرى بار تانسخانا |

Fiillerde zaman

Zaman fiilin yapılmakta olduğunu, yapıldığını veya yapılacağını haber veren süredir.

Fiilin yapılmakta olduğu süreye şimdiki zaman diyoruz. Fiilin yapılmış olduğunu bildiren süreye geçmiş zaman, fiilin yapılacağını gösteren süreye ise gelecek zaman diyoruz. Bunlar Türkçedeki üç ana zamandır.

Şimdiki zaman genellikle fiilin konuşma anında yapılmakta olduğunu ya da yapılmağa başlanacağını bildirir.

Şimdiki zaman eki ‹-yor› dur. Lütfen okuyacağımız parçadaki şimdiki zaman eklerine dikkat ediniz.

Ben her sabah erkenden kalkıyorum. Kahvaltıdan önce biraz spor yapıyorum. Duştan sonra kahvaltımı hazırlıyorum; çünkü ben tek başıma yaşıyorum. Ailemden çok uzakta oturuyorum.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پېئىللاردا زامان

زامان ھەرىكەتنىڭ قىلىنىۋاتقانلىقىدىن، قىلىنغانلىقىدىن ياكى قىلىنماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ھەرىكەتنىڭ قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن زامانني ھازىرقى زامان دەيمىز.
ھەرىكەتنىڭ قىلىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا ئۆتكەن زامان، كېلىدىغان ھەرىكەتنىڭ قىلىنماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامانني زامان دەيمىز.
بۇلار تۈركچىدىكى ئۈچ ئاساسىي زاماندۇر.

ھازىرقى زامان ئاساسەن ھەرىكەتنىڭ دېيىلگەن ۋاقىتتا قىلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى قىلىنىشقا باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ھازىرقى زاماننىڭ قوشۇمچىسى ‹yor –› دۇر. تۆۋەندە ئوقۇلىدىغان پارچىدىكى ھازىرقى زامان قوشۇمچىلىرىغا دىققەت قىلىڭ.

مەن ھەركۈنى بالدۇرلا تۇرىمەن. ناشتىدىن بۇرۇن بىردەم چېنىقىمەن.
يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ناشتىلىقىمنى تەييارلايمەن. چۈنكى مەن يالغۇز ياشايمەن. ئائىلەمدىن يىراق يەردە تۇرىمەن.

## Şimdiki zaman ekleri: -yor, -ıyor, -iyor, -uyor, -üyor

| | | |
|---|---|---|
| **a ı** | -ıyor | Kızıyorum |
| **e i** | -iyor | Geliyorsun |
| **o u** | -uyor | Koşuyorum |
| **ö ü** | -üyor | Öksürüyoruz |

*Uyarı: Ünlülerle biten kelimeler için -yor eki, ünsüzlerle biten kelimeler için -ıyor, -iyor, -uyor, -üyor ekleri getirilmelidir.*

ئەسكەرتىش: سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە ھازىرقى زامان قوشۇمچىسىدىن ‹**yor**› قوشۇمچىسى، ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە ھازىرقى زامان قۇشۇمچىللىرىدىن ‹**ıyor, iyor uyor, üyor**› قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



تۈركچىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى قاتتىق بولۇپ، قوشۇمچە قوشۇلغاندا سۆزلەر تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ.

سۆزنىڭ تەركىبىدە ı a بولسا، ھازىرقى زامان قوشۇمچىسىدىن ıyor قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

kız- + -ıyor + -um = kızıyorum

سۆزنىڭ تەركىبىدە i e بولسا، ھازىرقى زامان قوشۇمچىسىدىن iyor قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

gel- + -iyor + -sun = geliyorsun

سۆزنىڭ تەركىبىدە u o بولسا، ھازىرقى زامان قوشۇمچىسىدىن uyor قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

Koş- + -uyor = Koşuyor

سۆزنىڭ تەركىبىدە ü ö بولسا، ھازىرقى زامان قوشۇمچىسىدىن üyor قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

Öksür- + -üyor +-uz = öksürüyoruz

**Şu cümlelerdeki şimdiki zaman eklerine dikkat ediniz:**

Şu an ders çalışıyorum

İşe her sabah yürüyerek gidiyorum.

Kurs on gün sonra bitiyor.

Her akşam ders çalışıyorum

Ben Türkçe öğreniyorum.

**ئاستىدا بېرىلگەن جۈملىلەردىكى ھازىرقى زامان قوشۇمچىسىغا دىققەت قىلىڭ:**

ھازىر دەرس ئۆگىنىۋاتىمەن.

ھەركۈنى ئەتىگەن ئىشقا مېڭىپ بارىمەن.

كۇرس ئون كۈندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ.

ھەركۈنى كەچتە دەرس ئۆگىنىمەن.

مەن تۈركچە ئۆگىنىمەن/ ئۆگىنىۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

# Şimdiki Zaman

| | Olumlu | Olumsuz |
|---|---|---|
| Ben | Okuyorum | Okumuyorum |
| Sen | Okuyorsun | Okumuyorsun |
| O | Okuyor | Okumuyor |
| Biz | Okuyoruz | Okumuyoruz |
| Siz | Okuyorsunuz | Okumuyorsunuz |
| Onlar | Okuyorlar | Okumuyorlar |

| | Olumlu soru | Olumsuz soru |
|---|---|---|
| Ben | Okuyor muyum? | Okumuyor muyum? |
| Sen | Okuyor musun? | Okumuyor musun? |
| O | Okuyor mu? | Okumuyor mu? |
| Biz | Okuyor muyuz? | Okumuyor muyuz? |
| Siz | Okuyor musunuz? | Okumuyor musunuz? |
| Onlar | Okuyorlar mı? | Okumuyorlar mı? |

# هازىرقى زامان

| | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|---|
| مەن | ئوقۇيمەن/ئوقۇۋاتىمەن | ئوقۇمايمەن/ئوقۇمايۋاتىمەن |
| سەن | ئوقۇيسەن/ئوقۇۋاتىسەن | ئوقۇمايسەن/ئوقۇمايۋاتىسەن |
| ئۇ | ئوقۇيدۇ/ئوقۇۋاتىدۇ | ئوقۇمايدۇ/ئوقۇمايۋاتىدۇ |
| بىز | ئوقۇيمىز/ئوقۇۋاتىمىز | ئوقۇمايمىز/ئوقۇمايۋاتىمىز |
| سىلەر | ئوقۇيسىلەر/ئوقۇۋاتىسىلەر | ئوقۇمايسىلەر/ئوقۇمايۋاتىسىلەر |
| ئۇلار | ئوقۇيدۇ/ئوقۇۋاتىدۇ | ئوقۇمايدۇ/ئوقۇمايۋاتىدۇ |

| | بولۇشلۇق سوئال | بولۇشسىز سوئال |
|---|---|---|
| مەن | ئوقۇمدىمەن؟/ئوقۇۋاتامدىمەن؟ | ئوقۇمامدىمەن؟/ئوقۇمايۋاتامدىمەن؟ |
| سەن | ئوقۇمسەن؟/ئوقۇۋاتامسەن؟ | ئوقۇمامسەن؟/ئوقۇمايۋاتامسەن؟ |
| ئۇ | ئوقۇمدۇ؟/ئوقۇۋاتامدۇ؟ | ئوقۇمامدۇ؟/ئوقۇمايۋاتامدۇ؟ |
| بىز | ئوقۇمدۇق؟/ئوقۇۋاتامدۇق؟ | ئوقۇمامدۇق؟/ئوقۇمايۋاتامدۇق؟ |
| سىلەر | ئوقۇمسىلەر؟/ئوقۇۋاتامسىلەر؟ | ئوقۇمامسىلەر؟/ئوقۇمايۋاتامسىلەر؟ |
| ئۇلار | ئوقۇمدۇ؟/ئوقۇۋاتامدۇ؟ | ئوقۇمامدۇ؟/ئوقۇمايۋاتامدۇ؟ |

# Zaman Geçiyor

# ۋاقت ئۆتمەكتە

www.uyghurkitap.com

# Zaman Geçiyor

# ۋاقىت ئۆتمەكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# Takside

Yolcu: İyi günler. Havaalanına gitmek istiyorum.

Taksici: Tabii efendim, buyurun.

Yolcu: Saat kaç acaba?

Taksici: Saat iki.

Yolcu: İki saat sonra uçak kalkıyor. Havaalanı uzak mı?

Taksici: On dakika sonra oradayız. Affedersiniz, nereye gidiyorsunuz?

Yolcu: Kâşgar'a.

Taksici: Yolculuk kaç saat sürüyor?

Yolcu: Dört saat sürüyor. Saat sekizde oradayım.

Taksici: O zaman burada saat kaç oluyor?

Yolcu: İki saat fark var.

Taksici: İşte havaalanı burası. Size iyi yolculuklar.

Yolcu: Teşekkürler. İyi günler.

يولۇچى: ياخشىمۇسىز. ئايرودرومغا بارماقچى ئىدىم.

تاكسى شوپۇرى: ئەلۋەتتە خانىم، مەرھەمەت.

يولۇچى: سائەت قانچە بولدى؟

تاكسى شوپۇرى: ئىككى بولدى.

يولۇچى: ئايروپىلان ئىككى سائەتتىن كېيىن قوزغىلىدۇ. ئايرودروم يىراقمۇ؟

تاكسى شوپۇرى: ئون مىنۇتتىن كېيىن ئايرودرومغا بېرىپ بولىمىز، كەچۈرۈڭ، نەگە ماڭىدىغانسىز؟

يولۇچى: قەشقەرگە.

تاكسى شوپۇرى: سەپىرىڭىز قانچە سائەت داۋاملىشىدۇ؟

يولۇچى: تۆت سائەتلىك يول، سائەت سەككىزدە ئۇ يەرگە بېرىپ بولىمەن.

تاكسى شوپۇرى: ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە سائەت قانچە بولىدۇ؟

يولۇچى: ئىككى سائەت پەرق بار.

تاكسى شوپۇرى: مانا ئايرودرومغا يېتىپ كەلدۇق. سەپىرىڭىز خەيرلىك بولسۇن.

يولۇچى: رەھمەت. خەيرلىك كۈنلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Frank'ın Bir Günü

Frank bir öğrenci. O her sabah saat yedide uyanıyor. Önce kahvaltı yapıyor sonra biraz gazete okuyor. Saat dokuzda evden çıkıyor. Saat onda derse giriyor. Ders kırk dakika sürüyor. On bire yirmi kala teneffüse çıkıyor. Ders on ikide bitiyor. Saat birde yemeğe gidiyor ve yemekten sonra saat ikide okula dönüyor. Saat beşte son derse giriyor. Saat altıda ders çalışmak için kütüphaneye gidiyor. Akşamları genellikle evde zaman geçiriyor ve erken yatıyor.

## فرانكنىڭ بىر كۈنى

فرانك بىر ئوقۇغۇچى. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئويغىنىدۇ. ئالدى بىلەن ناشتىلىق قىلىدۇ، ئاندىن بىردەم گېزىت ئوقۇيدۇ. سائەت توققۇزدا ئۆيدىن چىقىدۇ. سائەت ئوندا دەرسكە كىرىدۇ. دەرس قىرىق مىنۇت داۋام قىلىدۇ. ئون بىرگە يىگىرمە مىنۇت قالغاندا تەنەپپۇسقا چىقىدۇ. دەرس ئون ئىككىدە تۈگەيدۇ. سائەت بىردە تاماق يىگىلى بارىدۇ ۋە تاماقتىن كېيىن سائەت ئىككىدە مەكتەپكە قايتىدۇ. سائەت بەشتە ئاخىرقى دەرسكە قاتنىشىدۇ. سائەت ئالتىدە دەرس ئۆگىنىش ئۈچۈن كۈتۈپخانىغا بارىدۇ. كەچلىرى ئادەتتە ئۆيدە ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ ھەم بالدۇرلا ياتىدۇ.

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Yolcu | يولۇچى |
| Havaalanı | ئايرودورۇم |
| Tabii | ئەلۋەتتە |
| Buyurun | مەرھەمەت |
| Sonra | كېيىن |
| Uçak | ئايروپىلان |
| Kalkmak | تۇرماق ، قوزغالماق |
| Uzak | يىراق |
| Fark | پەرق ، ئوخشىماسلىق |
| İyi yolculuklar! | سەپىرىڭىز خەيرلىك بولسۇن! |
| Sabah | ئەتىگەن |
| Uyanmak | ئويغانماق |
| Kahvaltı yapmak | ناشتىلىق قىلماق |
| Dakika | مىنۇت |
| Bitmek | تۈگىمەك ، ئاخىرلاشماق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Yeni Kelimeler يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Dönmek | قايتماق ، يانماق |
| Son ders | ئاخىرقى دەرس |
| Ders çalışmak | دەرس ئۆگەنمەك |
| Zaman geçirmek | ۋاقىت ئۆتكۈزۈش |
| Erken | بالدۇر |
| Kala | قالغاندا |
| Geçe | ئۆتكەندە |

## Saat kaç? سائەت قانچە؟

13.50 İkiye on var.

50 : 13 ئىككىگە ئون مىنۇت قالدى.

04.15 Dördü çeyrek geçiyor.

15 : 04 تۆتتىن ئون بەش مىنۇت ئۆتتى.

09.40 Ona yirmi var.

40 : 09 ئونغا يىگىرمە مىنۇت قالدى.

07.25 Yediyi yirmi beş geçiyor.

25 : 07 يەتتىدىن يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتتى.

14.45 Üçe çeyrek var.

45 : 14 ئۈچكە ئون بەش مىنۇت قالدى.

08.05 Sekizi beş geçiyor.

05 : 08 سەككىزدىن بەش مىنۇت ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## Saat kaçta? سائەت قانچىدە؟

13.50 İkiye on kala dersten çıkıyorum.

50 : 13 ئىككىگە ئون مىنۇت قالغاندا دەرستىن چۈشىمەن.

09.15 Dokuzu çeyrek geçe radyoyu açıyorum.

15 : 09 توققۇزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە رادىيونى ئاچىمەن.

17.45 Altıya çeyrek kala eve dönüyorum.

45 : 17 ئالتىگە ئون بەش مىنۇت قالغاندا ئۆيگە قايتىمەن.

08.20 Sekizi yirmi geçe uyanıyorum.

08 : 20 سەككىزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ئويغىنىمەن.

## Saat kaç ?

-Günaydın anne, saat kaç?
-Saat dokuzu yirmi geçiyor.
-Eyvah, okula geç kaldım!

-Affedersiniz, tren saat kaçta kalkıyor?
-Saat on ikide kalkıyor.
-Özür dilerim, saatiniz kaç?
-Saat on ikiye yirmi var.
-Çok teşekkür ederim.

## سائەت قانچە ؟

ـ خەيرلىك ئەتىگەن ئاپا، سائەت قانچە بولدى؟
ـ توققۇزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتتى.
ـ ئاپلا، مەكتەپكە كېچىكىپ قالدىم.

ـ كەچۈرۈڭ، پويىز سائەت قانچىدە قوزغىلىدۇ؟
ـ سائەت ئون ئىككىدە قوزغىلىدۇ.
ـ كەچۈرسىز، سائەت قانچە بولدى؟
ـ ئون ئىككىگە يىگىرمە مىنۇت بار.
ـ كۆپ رەھمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدا
www.uyghurkitap.com



Zaman zarf fiil ekleri olan -madan önce, -dıktan sonra

-madan önce, -dıktan sonra ekleri zaman zarf fiil ekleridir. Bu ekler yapılan işin zamanını bildirir. Bu sebeple fiile sorulan "Ne zaman? Ne vakit?" Sorularına bu ekleri alan sözcükler cevap olarak verilir.

-madan önce zaman bakımından asıl fiildeki hareketin kendinden önce gerçekleştiğini bildiren bir zarf fiil türüdür.

Uyumadan önce yarım saat kitap okuyabilirsin.

Yazı yazmaya başlamadan önce beni dinleyin.

Kapıyı açmadan önce mercekten bakmalısın.

Zaman bakımından asıl fiildeki hareketin kendinden sonra gerçekleştiğini bildiren zarf fiil eki -dıktan sonradır.

Olanları anlattıktan sonra yanımızdan uzaklaştı.

Okulu bitirdikten sonra askere gitti.

Siz bu işin inceliklerini bildikten sonra bana bir şey söylemek düşmez.

ۋاقىت بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى:

## -madan önce, -dıktan sonra

-madan önce, -dıktan sonra قوشۇمچىلىرى ۋاقىت بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدۇر. بۇ قوشۇمچىلار قىلىنغان ئىشنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن پېئىلدىن سورالغان قاچان؟ قايسى ۋاقىت؟ سوئاللىرىغا بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان سۆزلەر جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

### -madan önce

ۋاقىت جەھەتتىن ئەسلى پېئىلدىكى ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش تۇرىدۇر.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن يېرىم سائەت كىتاپ ئوقۇساڭ بولىدۇ.

ماقالە يېزىشتىن بۇرۇن مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ.

ئىشكنى ئېچىشتىن بۇ رۇن مۇشۇك كۆزىدىن قاراپ بېقىشىڭ كېرەك.

### -dıktan sonra

ۋاقىت جەھەتتىن ئەسلى پېئىلدىكى ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش قوشۇمچىسىدۇر.

بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن يېنىمىزدىن كەتتى.

مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن ھەربىيلىككە كەتتى.

سىز بۇ ئىشنىڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىنى بىلگەندىكىن ماڭا يەنە سۆزلەش لازىم ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



Şimdi yaşlıları ziyaret etmekle ilgili dinleyeceğiniz konuşmadaki zaman zarf fiil eklerine dikkat ediniz.

تۆۋەندىكى ياشانغانلارنى زىيارەت قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئاڭلىماقچى بولغان تېكىستتىكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىغا دىققەت قىلىڭلار.

Sıla: Yatmadan önce iyi geceler demek yok mu? Sema, sana söylüyorum, ne düşünüyorsun? Yoksa beni duymuyor musun?

Sema: Yok, duyuyorum. Sadece yatmadan önce yarın yapacaklarımı düşünüyordum. İyi geceler abla. Abla...abla...

Sıla: Efendim Sema?

Sema: Abla, uyumadan önce sana bir şey sorabilir miyim?

Sıla: Sor Sema.....Sema uyumadan önce soracaksan sor, biliyorsun, uyuduktan sonra sana cevap verememem.

Sema: Yarın beni de götürür müsün?

Sıla: Nereye?

Sema: Akşam annemle konuşuyordun, ben de kulak misafiri oldum. Yarın sabah dedemi ziyaret etmek için hastaneye gidecekmişsin. Lütfen beni de götür. Ben de seninle hastaneye gelmek ve dedemi görmek istiyorum. Dedemi çok özledim.

## Konuşma

Sıla: Tamam Sema. Seni de götürürüm. Haydi yat.

Sema: Abla, hastaneye gitmeden önce dedeme çiçek alalım. Dedemin sevdiği böreklerden de almamız lazım. Acaba hastaneye gitmeden önce dedemi arasam mı?

Sıla: Niçin aramak istiyorsun?

Sema: Belki istediği bir şey vardır.

Sıla: Senin gibi bir kardeşim olduğu için çok şanslıyım. Çok ince düşüncelisin. Semacığım, sabahleyin kalktıktan sonra kahvaltımızı yaparız. Kahvaltı yaptıktan sonra dedemin çamaşırlarını hazırlarız. Evden çıkmadan önce de hastaneyi arar dedemizle konuşuruz. İstediği bir şey olup olmadığını sorarsın. Ayrıca çiçek alamayız; çünkü doktorlar çiçeğe izin vermiyorlar. Sevdiği börekleri ve istediklerini aldıktan sonra hastaneye gideriz. Yalnız Semacığım, şimdi uyumalısın. Biraz daha konuşursak sabahleyin erkenden kalkamazsın ve benimle gelemezsin.

Sema: Tamam ablacığım. Hemen uyuyorum. İyi geceler ablacığım.

Sıla: İyi geceler, tatlı uykular canım.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دىئالوگ

سىلا: يېتىشتىن بۇرۇن «خەيرلىك كەچ» دېيىش يوقمۇ؟ سەما، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ ياكى گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟

سەما: ياق، ئاڭلاۋاتىمەن. پەقەت يېتىشتىن بۇرۇن ئەتە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى ئويلاۋاتىمەن. «خەيرلىك كېچىلەر» ھەدە. ھەدە...ھەدە...

سىلا: نېمە گەپ سەما؟

سەما: ھەدە، ئۇخلاشتىن بۇرۇن سەندىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟

سىلا: سورا سەما... سەما، سورايدىغان ئىشىڭ بولسا ئۇخلاشتىن بۇرۇن سورىساڭ سور، بىلىسەن، ئۇخلىغاندىن كېيىن ساڭا جاۋاب بېرەلمەيمەن.

سەما: ئەتە مېنىمۇ ئېلىپ بارساڭ بولامدۇ؟

سىلا: قەيەرگە؟

سەما: ئاخشام ئاپام بىلەن پاراڭلاشقانتىڭ، مەن قۇلاق موللىسى بولدۇم. ئەتە ئەتىگەن چوڭ دادامنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارماقچى ئىكەنسەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىمۇ ئېلىپ بارغىنا. مەنمۇ سەن بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ چوڭ دادامنى كۆرۈپ كېلەي. چوڭ دادامنى بەك سېغىندىم.

سىلا: ماقۇل سەما. سېنىمۇ ئېلىپ باراي. ئەمىسە ياتقىن.

سەما: ھەدە،دوختۇرخانىغا بېرىشتىن بۇرۇن چوڭ دادامغا گۈل ئالايلى. چوڭ دادام ياخشى كۆرىدىغان قاتلىمىلاردىنمۇ ئېلىۋالايلى. دوختۇرخانىغا مېڭىشتىن بۇرۇن چوڭ دادامغا تېلېفون قىلىپ باقايلىمۇ؟

سىلا: نىمشقا تېلفون قىلىپ باقىسەن؟

سەما: بەلكىم ئېھتىياجلىق نەرسلىرى باردۇر.

سىلا: سەندەك سىڭلىم بولغىنى مېنىڭ تەلىيىم. بەك ئەستايىدىل ئويلايسەن. سەما، ئەتىگەنلىكتە تۇرغاندىن كېيىن ناشتىلىقىمىزنى قىلىمىز. ناشتىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن چوڭ دادامنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى تەييارلايمىز. ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن دوختۇرخانىغا تېلېفون قىلىپ چوڭ دادام بىلەن پاراڭلىشىمىز. ئېھتىياجلىق نەرسىلىرى بارمۇ؟يوقمۇ سورايسەن. ئۇنىڭدىن باشقا گۈل ئالساق بولمايدۇ. چۈنكى دوختۇرلار گۈل ئېلىپ بېرىشىمىزگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ياخشى كۆرىدىغان قاتلىمىلارنى ۋە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئالغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا ماڭىمىز. لېكىن سەما، هازىر ئۇخلىشىڭ كېرەك. يەنە پاراڭلاشساق ئەتىگەنلىكتە بالدۇر تۇرالمايسەن ھەم مەن بىللەن بىللە بارالمايسەن.

سەما: ماقۇل ھەدە، دەرھال ئۇخلايمەن. خەيرلىك كېچىلەر ھەدە.

سىلا: خەيرلىك كېچىلەر، ساڭا تاتلىق ئۇيقۇ ھەمراھ بولسۇن جېنىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاستىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنىڭ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە سوزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىشى

| Eylem | Ek | Edat |
|---|---|---|
| Uyu | -madan | önce |

Uyumadan önce kitap okuyorum.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن كىتاب ئوقۇيمەن.

| Bit | -meden | önce |
|---|---|---|

Ders bitmeden önce sınıftan ayrılamam.

دەرس ئاخىرلاشماستىن بۇرۇن سىنىپتىن ئايرىلالمايمەن.

| Al | -dıktan | sonra |
|---|---|---|

Duş aldıktan sonra uyuyorum.

يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلايمەن.

| Gel | -dikten | sonra |
|---|---|---|

Sen geldikten sonra yola çıkıyorum.

سەن كەلگەندىن كېيىن يولغا چىقىمەن.

| Oku | -duktan | sonra |
|---|---|---|

Gazete okuduktan sonra evden çıkıyorum.

گېزىت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىمەن.

| Öl | -dükten | sonra |
|---|---|---|

Komşumuz öldükten sonra evine kimse bakmadı.

قوشنىمىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە ھېچكىم قارىمىدى.

| Yap | -tıktan | sonra |
|---|---|---|

Tatil yaptıktan sonra sana geliyorum.

تەتىلگە چىققاندىن كېيىن سىنىڭ ئۆيۈڭگە بارىمەن.

Çek -tikten sonra

Fotoğraf çektikten sonra makineyi bana ver.

رەسىمگە تارتىپ بولغاندىن كېيىن ئاپپاراتنى ماڭا بەر.

Koş -tuktan sonra

Bir saat koştuktan sonra dinleniyorum.

بىر سائەت يۈگۈرگەندىن كېيىن دەم ئالىمەن.

Öp -tükten sonra

Yavrum, beni öptükten sonra hemen uyu.

بالام، مېنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن دەرھال ئۇخلا.

www.uyghurkitap.com

# Yakın Çevremiz

# ئەتراپىمىزدىكىلەر

# Yakın Çevremiz

## ئەتراپىمىزدىكىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



Bu benim ailem ve burası bizim evimiz. Fotoğrafta solda benim anneannem var. Ben onun yanında ayakta duruyorum. Benim yanımda kuzenim Emre var. Onun annesi ve babası arkada duruyor. Onlar benim dayım ve yengem. Babam fotoğrafta solda, annem fotoğrafta sağda ve onun önünde dedem oturuyor.

بۇ مېنىڭ ئائىلەم ۋە بۇ يەر بىزنىڭ ئۆيىمىز. رەسىمدە سول تەرەپتە مېنىڭ چوڭ ئاپام بار. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغىنى مەن. مېنىڭ يېنىمدا بىر نەۋرە تۇققىنىم ئەمرە بار. ئارقا تەرەپتىكىسى ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسى. ئۇلار مېنىڭ تاغام ۋە يەڭگەم. دادام رەسىمدە سول تەرەپتە. ئاپام رەسىمدە ئوڭ تەرەپتە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنى مېنىڭ چوڭ دادام.



Burası bizim bahçemiz. Fotoğrafta sağda benim amcam İbrahim Bey var. Onun yanında kızı Aslı duruyor. Benim annem fotoğrafta solda oturuyor. Onun önünde benim dayım var. Diğer hanımlar bizim komşularımız.

بۇ يەر بىزنىڭ باغچىمىز. رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تاغام ئىبراھىم ئەپەندى بار. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغىنى قىزى ئاسلى. سول تەرەپتە ئولتۇرغىنى مېنىڭ ئاپام. ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ تاغام بار. باشقا خانىملار بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



Fotoğrafta ortada benim babaannem oturuyor. Onun sağında benim teyzem var. Onun önünde oğlu Burak oturuyor. Fotoğrafta benim iki halam da var. Onlar babaannemin solunda ayakta duruyorlar.

رەسىمدىكى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغىنى مېنىڭ چوڭ ئاپام. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى هاممام. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنى ئوغلى بۇراك. رەسىمدە مېنىڭ ئىككى هاممام بار. ئۇلار چوڭ ئاپامنىڭ سول تەرىپىدە ئۆرە تۇرىدۇ.



## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Eş | جۈپ، جورا، رەپىقە، تەڭداش، دوست |
| Akraba | تۇققان |
| Sağ | ئوڭ |
| Ayakta durmak | ئۆرە تۇرماق |
| Kuzen | بىر نەۋرە |
| Yenge | يەڭگە |
| Ön | ئالدى تەرەپ |
| Dede | چوڭ دادا |
| Amca | تاغا (ئاتا تەرەپ) |
| Dayı | تاغا(ئانا تەرەپ) |
| Diğer | باشقا |
| Komşu | قوشنا |
| Babaanne | چوڭ ئاپا، موما |
| Teyze | هاما (ئانا تەرەپ) |
| Hala | هاما (دادا تەرەپ) |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# Ailem

Benim babamın bir kız kardeşi, bir erkek kardeşi var. Onlar evlidir. Babamın erkek kardeşi, benim amcamdır. Amcam doktor, karısı (eşi) Nurten yengem hemşiredir. Onların çocukları, Alican ile Ayşegül, benim kuzenlerimdir. Kuzenlerim çok çalışkandır.

Babamın kız kardeşi, benim halamdır. Halam ve kocası İbrahim eniştem muhasebecidirler. Şişli'de büroları var. Onların çocukları Mert ve Zeynep ikizdir. İkizler çok şirindir, ailenin göz bebeğidirler.

Babamın annesi ve babası sağdır. Onların evi İstanbul'a ve denize yakın bir köydedir. Babaannem ev hanımı, büyükbabam emekli veterinerdir, aynı zamanda balıkçıdır. Onu ne zaman arasanız oltasıyla deniz kenarındadır. Balık tutar. Onların evleri bahçelidir. Bahçelerinde tavukları, civcivleri ve bir de köpekleri vardır. Onlar torunlarını çok severler.

Annemin de bir kız kardeşi, bir erkek kardeşi var. Annemin erkek kardeşi Burak dayım bekârdır. Onun evi Levent'tedir. Bir şirkette müdürdür. O da büyük babam gibi balık tutmaya meraklıdır. Onun için hafta sonları genellikle birliktedirler.

ئاپامنىڭ سىڭلىسى ئۇلكۇ ھاممام چوڭ ئاپام بىللە تۇرىدۇ. چۈنكى چوڭ دادام ئالدىنقى يىلى تۈگەپ كەتتى. ئۇلكۇ ھاممام چىش دوختۇرى. ئۇنىڭ ئامبۇلاتورىيىسى بەشىكتاشتا. ئۇلكۇ ھاممام گەپدان، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان سۆيۈملۈك بىر ئايال. ئۇ ساياھەتنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. بايراملىق دەم ئېلىشلاردا ئۆيدە ئولتۇرمايدۇ. چوقۇملا ساياھەتكە چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Kız kardeş(i) | قىز قېرىنداش ، سىڭىل |
| Erkek kardeş(i) | ئوغۇل قېرىنداش ، ئىنى |
| Karı(sı) | ئايال ، ئايالى |
| Hemşire | سېستىرا |
| Koca(sı) | يولدىشى |
| Enişte | قىز قېرىندىشىنىڭ يولدىشى |
| Muhasebeci | بوغالتىر |
| Büro | ئىشخانا |
| İkiz | قوشماق |
| Göz bebeği | كۆز قارىچۇقى |
| Köy | يېزا |
| Büyükbaba | چوڭ دادا |
| Emekli | پېنسىيىنېر |
| Veteriner | مال دوختۇرى |

## Yeni Kelimeler   يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Aramak | ئىزدىمەك |
| Olta | بېلىق قارمىقى |
| Deniz kenarı | دېڭىز قىرغىقى ، دېڭىز بويى |
| Tavuk | توخۇ |
| Civciv | چۈجە |
| Köpek | ئىت |
| Torun | نەۋرە |
| Bekâr | بويتاق |
| Meraklı | ھەۋەسكار |
| Genellikle | ئاساسەن ، ئومۇمەن |
| Muayenehane | ئامبۇلاتورىيە |
| Konuşkan | گەپدان ، گەپ قىلىپ تۇرىدىغان |
| Sempatik | سۆيۈملۈك |
| Kadın | ئايال ، خوتۇن |
| Mutlaka | چوقۇم |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



Belirli geçmiş zaman

Geçmiş zamanda gerçekleşmiş olan ve konuşan kişi tarafından görülmüş veya gerçekleştiği kesin olarak bilinen iş, oluş, kılış ve durumları ifade etmek için belirli geçmiş zaman ekleri kullanılır. Bu ekler büyük ve küçük ünlü uyumlarına göre değişerek -dı,-di,-du,-dü veya sert ünsüzlerden sonra -tı,-ti,-tu,-tü olur. Bu ekler isimlerden sonra da gelir. Ancak isim ünlüyle bitiyorsa araya -y- sesi girer.

**Örneğin:**

Dünkü toplantıda yanımdaydın, bir ara kayboldun, nereye gittin?

Çok çalıştık; ama ikimiz de sınavdan düşük not aldık.

Dün gece beynimin içine sanki bir bıçak saplandı.

Kendisini evlatlık alacağımızı söyleyince gözlerinin içi güldü.

ئېنىق ئۆتكەن زامان

ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشقان ۋە گەپ قىلغان كىشى تەرىپىدىن كۆرۈلگەن ياكى ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئېنىق بىلىنگەن ئىش، ھەرىكەت ۋە ۋەزىيەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ قوشۇمچىلار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن **-dı,-di,-du,-dü** قوشۇمچىلىرى ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن **-tı,-ti,-tu,-tü** قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار ئىسىملارغا قوشۇلۇپمۇ كېلىدۇ. لېكىن ئىسىم سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشسا قوشۇمچە بىلەن سۆز ئارىسىغا بىر -y- تاۋۇشى قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

تۈنۈگۈنكى يىغىندا يېنىمدا ئىدىڭ، بىردەمدە غايىپ بولدۇڭ، قەيەرگە كەتتىڭ؟

خېلى تىرىشتۇق لېكىن ئىككىلىمىز ئىمتىھاندىن تۆۋەن نومۇر ئالدۇق.

تۈنۈگۈن ئاخشام مېگەمگە خۇددى پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىق كىرىپ كەتتى.

ئۆزىنى بالا قىلىۋالدىغانلىقىمىزنى دېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# Hoş Geldiniz

Şimdi okuyacağımız konuşmayı belirli geçmiş zamanın cümle içerisinde kullanımına dikkat ederek dinleyiniz.

Memur: Hoş geldiniz
Kayrat: Hoş bulduk
Memur: Nereden geldiniz?
Kayrat: Kazakistan'dan geldim.
Memur: Hangi hava yolları ile geldiniz?
Kayrat: Türk hava yolları ile uçtuk, az önce uçaktan indik.
Memur: Efendim, pasaportunuzu kontrol görevlisine verdiniz mi?
Kayrat: Hayır, vermedim. Kontrol nerede?
Memur: Şu yan tarafta. Vizeniz var mı?
Kayrat: Evet, öğrenci vizesi aldım. Ben öğrenciyim. Gazi üniversitesi bilgisayar öğretmenliği bölümünü kazandım.
Memur: Daha önce hiç Türkiye'ye geldiniz mi?
Kayrat: Hayır, hiç gelmedim; ama ablam buraları öyle çok anlattı ki, gelmiş gibiyim.
Memur: Çok güzel, seninle tanıştığıma memnun oldum. Başarılar dilerim.
Kayrat: Ben de memnun oldum. Sağ olun. Hoşça kalın.
Memur: Güle güle, iyi günler.

# خۇش كەپسىز

ئەمدى ئوقۇماقچى بولغان دىئالوگدىكى ئېنىق ئۆتكەن زامانىنىڭ جۈملە ئىچىدىكى ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلغاچ ئاڭلاڭ.

مۇدىر: خوش كەلدىڭىز.

قايىرات: خوش بولدۇق.

مۇدىر: قەيەردىن كەلدىڭىز؟

قايىرات: قازاقىستاندىن كەلدىم.

مۇدىر: قايسى ھاۋا يولى بىلەن كەلدىڭىز؟

قايىرات: تۈركىيە ھاۋا يولى بىلەن ئۇچتۇق، بىرئاز بۇرۇن ئايروپىلاندىن چۈشتۇق.

مۇدىر: ئەپەندىم، پاسپورتىڭىزنى تەكشۈرۈش خادىمىغا بەردىڭىزمۇ؟

قايىرات: ياق، بەرمىدىم. تەكشۈرۈش ئورنى قەيەردە؟

مۇدىر: يان تەرەپتە، ۋىزىڭىز بارمۇ؟

قايىرات: ھەئە، ئوقۇغۇچىلىق ۋىزىسى ئالدىم. مەن ئوقۇغۇچى. غازى ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر ئوقۇتقۇچىلىقى بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىندىم.

مۇدىر: بۇنىڭدىن بۇرۇن تۈركىيەگە كېلىپ باققانمۇ؟

قايىرات: ياق، پەقەت كەلمىدىم، ئەمما ئاچام بۇ يەرلەرنى شۇنچىلىك كۆپ سۆزلەپ بەردىكى بۇ يەرگە كەلگەندەكلا ھېس قىلىمەن.

مۇدىر: ناھايىتى ياخشى، سەن بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خوشال بولدۇم. ساڭا ئۇتۇق تىلەيمەن.

قايىرات: مەنمۇ خوشال بولدۇم. سالامەت بولۇڭ. خوشۋاق قېلىڭ.

مۇدىر: خەير ـ خوش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## Öncelik sonralık ilişkisi

Türkçede isim kelimelerinde öncelik sonralık ilişkisini "+den önce" ve "+den sonra" kalıplarıyla gerçekleştirmekteyiz.

***Söz gelimi:***

-Öğleden önce neler yapacaksın?

-Öğleden önce işim yok, onun için alışverişe gideceğim; ama öğleden sonra iş yerinde toplantımız var. Mutlaka katılmam gerek.

-Toplantıdan sonra işin yoksa buluşup tiyatrodan bilet almaya gidelim mi?

-Tamam; ama tiyatroya gitmeden önce yolumuzun üstünde bir arkadaşıma uğramam gerekiyor. Sence bir mahsuru var mı?

-Hayır, hiç mahsuru yok. Toplantıdan sonra görüşmek üzere.

-Tamam, toplantıdan sonra görüşmek üzere.

# ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋىتى

تۈركچىدە ئىسىم كەلىمىلەردە ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى **-den önce, den sonra** قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز.

مەسىلەن:

ـ چۈشتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلىسەن؟

ـ چۈشتىن بۇرۇن ئىشىم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىقىمەن. ئەمما چۈشتىن كېيىن ئىشخانىدا يىغىن بار. چوقۇم قاتناشمىسام بولمايدۇ.

ـ يىغىندىن كېيىن ئىشىڭ بولمىسا ئۇچرىشىپ تىياتىرخانىغا بىللەت ئالغىلى بارايلىمۇ؟

ـ ماقۇل، ئەمما تىياتىرخانىغا بېرىشتىن بۇرۇن يول ئۈستىدىكى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقمىسام بولمايدۇ، كۆكلۈككە ئالماسسەن؟

ـ ياق، كۆكلۈمگە ئالمايمەن. يىغىندىن كېيىن كۆرۈشەيلى ئەمسە.

ـ ماقۇل، يىغىندىن كېيىن كۆرۈشەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | olumlu | olumsuz |
|---|---|---|
| Kız- | Ben ona kızdım | Ben ona kızmadım |
| Gel- | Sen bana geldin | Sen bana gelmedin |
| Oku- | O, okulda okudu | O, okulda okumadı |
| Öv- | Hocam beni övdü | Hocam beni övmedi |
| | **Olumlu soru** | **olumsuz soru** |
| Kız- | Annen sana kızdı mı? | Annen sana kızmadı mı? |
| Gel- | Baban geldi mi? | Baban gelmedi mi? |
| Oku- | Okudunuz mu? | Okumadınız mı? |
| Öv- | Övdüler mi? | Övmediler mi? |

| | بولۇشسىز شەكلى | بولۇشلۇق شەكلى |
|---|---|---|
| ئاچچىقلا ـ | مەن ئۇنىڭغا ئاچچىقلانمىدىم | مەن ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندىم |
| كەل ـ | سەن مىنىڭ يېنىمغا كەلمىدىڭ | سەن مىنىڭ يېنىمغا كەلدىڭ |
| ئوقۇ ـ | ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىدى | ئۇ مەكتەپتە ئوقۇدى |
| ماختا ـ | مۇئەللىم مىنى ماختىمىدى | مۇئەللىم مىنى ماختىدى |
| | **بولۇشسىز سوئال شەكلى** | **بولۇشلۇق سوئال شەكلى** |
| ئاچچىقلا ـ | ئاپاڭ ساڭا ئاچچىقلانمىدىمۇ؟ | ئاپاڭ ساڭا ئاچچىقلاندىمۇ؟ |
| كەل ـ | داداڭ كەلمىدىمۇ؟ | داداڭ كەلدىمۇ؟ |
| ئوقۇ ـ | ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ | ئوقۇدۇڭلارمۇ؟ |
| ماختا ـ | ماختىمىدىمۇ؟ | ماختىدىمۇ؟ |

# Dünden Bügune

# تۆنۆگۆندىن بۆگۆنگه

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Konuşma

Serap: İyi ki bugün buluştuk, Meralcığım. Seni, arkadaşları, Türkiye'yi çok özledim.

Meral: Evet, çok uzun zaman oldu. Bana en son düğün fotoğraflarını gönderdin. Anlat bakalım, eşinle nasıl tanıştınız?

Serap: Bir gün Özlem'le birlikte bir partiye gittik. Parti çok kalabalıktı. Özlem'in orada çok arkadaşı vardı. Özlem o gün de çok şık ve güzeldi. Tabii ki partide herkes özlem'le dans etmek istedi. Ben ise uzun bir süre yalnız kaldım.

Meral: Sonra ne oldu?

Serap: Özlem bir ara bir arkadaşının yanına gitti, Beni gösterdi. Biraz sonra o genç yanıma geldi. Benimle dans etmek istedi. Biliyorsun, ben çok utangaçtım. Teklifini kabul etmedim; ama o çok ısrar etti. Biraz dans ettik. Adı Ali'ydi, benimle aynı yaştaydı ve gerçekten çok kibardı. O akşam birbirimize aşk olduk. Bir yıl sonra da evlendik.

Meral: Çok sevindim. Bir gün eşinle de tanışmak isterim.

Serap: Tabii en yakın zamanda. Sen neler yaptın? Anlat bakalım.

Meral: Beni biliyorsun...

## دىئالوگ

سەراپ: ھەجەپ ياخشى بوگۈن ئۇچراشتۇق مەرال. سىنى، دوستلارنى، تۈركىيەنى بەك سېغىندىم.

مەرال: ھەئە، ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. ماڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم توي رەسىمىڭنى ئەۋەتكەن ئىدىڭ. سۆزلەپ بەرگىنە، يولدىشىڭ بىلەن قانداق تونۇشتۇڭلار؟

سەراپ: بىر كۈنى ئۆزلەم بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا باردۇق. ئولتۇرۇشتا ئادەم بەك جىق ئىدى. ئۆزلەمنىڭ ئۇ يەردە جىق دوستلىرى بار ئىدى. ئۆزلەم ئۇ كۈنىمۇ ناھايىتى پۈرۈر كىيىنىۋالغان ھەم چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەلۋەتتە ئولتۇرۇشتىكى ھەممەيلەن ئۆزلەم بىلەن تانسا ئويناشنى خالايتتى. مەن بولسام خېلىغىچە يالغۇز قالدىم.

مەرال: ھە كېيىن قانداق بولدى؟

سەراپ: ئۆزلەم بىردەمدىن كېيىن بىر دوستىنىڭ يېنىغا باردى. مېنى كۆرسەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ياش بالا يېنىمغا كەلدى. مەن بىلەن تانسا ئوينىماقچى بولدى. بىلىسەن، مەن بەك خىجىلچان ئىدىم. تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدىم. ئەمما ئۇ بەك چىڭ تۇرۇۋالدى بىردەم تانسا ئويندۇق. ئىسمى ئەلى ئىدى. يېشى مەن بىلەن تەڭ ئىدى. شۇنداقلا ناھايىتى سەمىمي ئىدى. ئۇ كۈنى بىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق. بىر يىلدىن كېيىن توي قىلدۇق.

مەرال: بەك سۆيۈندۈم. بىرە كۈنى يولدىشىڭ بىلەنمۇ تونۇشۇشنى خالايمەن.

سەراپ: ئەلۋەتتە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە. سەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ سۆزلەپ بەرگىنە.

مەرال: مېنى بىلىسەن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Yeni Kelimeler | يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Buluşmak** | ئۇچراشماق ، كۆرۈشمەك |
| **Özlemek** | سېغىنماق |
| **Parti** | ئولتۇرۇش |
| **Şık** | ئېسىل ، مودا، پوزۇر |
| **Herkes** | ھەممەيلەن ، ھەممە ئادەم |
| **Süre** | ۋاقىت ، مۇددەت ، مەزگىل |
| **Yalnız** | يالغۇز، پەقەت |
| **Göstermek** | كۆرسەتمەك |
| **Utangaç** | خىجىلچان |
| **Israr etmek** | چىڭ تۇرۇۋالماق ، زورلاپ تۇرۇۋالماق |
| **Aynı** | ئوخشاش |
| **Gerçekten** | ھەقىقەتەن ، راستىنلا |
| **Kibar** | سەمىمىي ، ئالىيجاناپ |
| **İstemek** | خالىماق ، ئارزۇ قىلماق ، تىلىمەك |

## Konuşma

Serkan: Merhaba Sevgi abla, nasılsın?

Sevgi: Merhaba, seni görmek ne kadar güzel. İyiyim. Sen nasılsın Serkan?

Serkan: Ben de iyiyim, nereye gidiyorsun?

Sevgi: Eve gidiyorum. Ahmet Hoca'ya uğradım da Azerbaycan'dan gelmiş. Bize oraları anlattı, biz de dinledik.

Serkan: Keşke ben de orada olsaydım, iyi olurdu, dinlerdim hocayı.

Sevgi: Evet, hoca Azerbaycan'ı çok sevmiş. Epeyce de anlattı. Bakü çok güzelmiş. Azerbaycanlılar da çok sıcakkanlıymış, misafirpervermiş. Hocayı çok iyi ağırlamışlar.

Serkan: Hoca üniversiteleri de gezmiş mi?

Sevgi: Evet, üniversiteleri de gezmiş. Söylediğine göre son yıllarda Azerbaycan'ın eğitim sistemi çok değişmiş. Üniversiteler artık tam anlamıyla bilim yuvalarıymış. Öğrenciler öğrenmeye karşı oldukça hevesliymiş. Okullar epey kalabalıkmış.

Serkan: Demek ekonomisi gelişince diğer alanlarda da gelişme artmış.

Sevgi: Evet, Azerbaycan topraklarında özellikle doğal gaz ve petrol çokmuş. Böyle olunca ülke petrol üretiminden epeyce gelir elde etmiş.

Serkan: Sonuçta ülke zenginleşmiş mi değişmiş?

www.uyghurkitap.com

Sevgi: Evet; ama insanlar da çok çalışkanmış. Pek çok fabrika ve sanayi kuruluşu varmış ve herkes çalışıyormuş.

Serkan: Elbette, çalışkan olmak önemlidir.

Sevgi: Serkan, benim acelem var, gitmem gerek. Tekrar görüşelim, olur mu?

Serkan: Olur Sevgi abla, görüşmek üzere.

Sevgi: Tamam, görüşmek üzere

## دىئالوگ

سەركان: مەرھابا سەۋگى ھەدە، قانداق ئەھۋالىڭ؟

سەۋگى: مەرھابا، سىنى كۆرگىلىمۇ بولىدىكەن ھە. مەن ياخشى. سەن قانداقراق؟

سەركان: مەنمۇ ياخشى. نەگە ماڭدىڭ؟

سەۋگى: ئۆيگە ماڭدىم. ئەھمەد مۇئەللىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ چىقتىم، ئەزەربەيجاندىن كەپتۇ. بىزگە ئۇ يەرلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەردى، بىز ئاڭلاپ ئولتۇردۇق.

سەركان: مەنمۇ شۇ يەردە بولغان بولسام ياخشى بولاتتىكەن، ئاڭلاپ چىقىدىكەنمەنتۇق.

سەۋگى: ھەئە، مۇئەللىم ئەزەربەيجاننى بەك ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. خېلىلا جىق سۆزلەپ بەردى. باكۇ ھەققەتەن چىرايلىق ئىكەن. ئەزەربەيجانلىقلار ناھايىتى قىزغىن، ھەم مېھماندوست ئىكەن. مۇئەللىمنى ناھايىتى ياخشى كۇتۇۋاپتۇ.

سەركان: مۇئەللىم ئۇنىۋېرسىتېتلارنىمۇ ئايلىنىپتىمۇ؟

سەۋگى: ھەئە، ئۇنىۋېرسىتېتلارنىمۇ ئايلىنىپتۇ. دېيىشىچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەزەربەيجاننىڭ مائارىپ سىستېمىسى جىق ئۆزگىرىپتۇ. ئۇنىۋېرسىتېتلار ھەققىي بىلىم ئوچاقلىرىغا ئايلىنىپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشكە بەك ھېرىسمەن ئىكەن. مەكتەپلەر ئىنتايىن ئاۋات ئىكەن.

سەركان: دېمەك ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغانسېرى باشقا ساھەلەردىمۇ تەرەققىيات ئېششقا باشلاپتۇ دە.

سەۋگى: ھەئە، ئەزەربەيجان تۇپراقلىرىدا بولۇپمۇ تەبىئىي گاز ۋە نېفىت كۆپ چىقىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن نېفىت ئىشلەپچىقىرىشىدىن خېلىلا كۆپ كىرىمغا ئىگە بوپتۇ.

سەركان: نەتىجىدە دۆلەت باياشاتلىقنى ئېرىشىپتۇ ـ دە.

سەۋگى: ھەئە، ئەمما ئادەملىرىمۇ ناھايىتى تىرىشچان ئىكەن. خېلى كۆپ فابرىكىلىرى ۋە سانائەت قۇرۇلۇشلىرى بار ئىكەن، ھەممە ئادەم ئىشلەيدىكەن.

سەركان: ئەلۋەتتە. تىرىشچانلىق ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

سەۋگى: سەركان، مەن ئالدىرايمەن، ماڭمىسام بولمايدۇ. كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز. بولامدۇ؟

سەركان: بولىدۇ سەۋگى ھەدە، كېيىن كۆرۈشەرمىز.

سەۋگى: ماقۇل. كۆرۈشكىچە ئامان بول.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Uğramak | يوقلاپ ئۆتمەك، كىرىپ ئۆتمەك |
| Azerbaycan | ئەزەربەيجان |
| Epeyce | خېلىلا |
| Sıcakkanlı | قىزغىن |
| Gezmek | ئايلانماق، ساياھەت قىلماق، كەزمەك |
| Eğitim | تەربىيە، مائارىپ |
| Sistem | سىستېما |
| Değişmek | ئۆزگەرمەك، ئالماشماق |
| Anlam | مەنە |
| Yuva | ئۇۋا، چاڭگا، ئۆي، ئائىلە |
| Oldukça | بەكمۇ، ناھايىتى |
| Epey | خېلىلا، راسا، تازا |
| Ekonomik | ئىقتىساد، ئىقتىسادىي |
| Gelişmek | تەرەققىي قىلماق، راۋاجلانماق |
| Diğer | باشقا، يەنە بىرى |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## Yeni Kelimeler يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Alan | ساھە، مەيدان |
| Doğal gaz | تەبىئىي گاز |
| Petrol | نېفىت |
| Gelir | كىرىم |
| Acele etmek | ئالدىرىماق |

## Belirsiz geçmiş zaman

Belirsiz geçmiş zaman bahse konu olan işin ya birinden duyulduğu ya da sonradan fark edildiği durumlarda kullanılmaktadır. Bu ek büyük ve küçük ünlü uyumlarına göre değişerek -mış, -miş,-muş,-müş şeklini alır.

Konuşan kişi tarafından görülüp bilinmeyen ve başkasından duyulan veya öğrenilenlerin anlatımı için belirsiz geçmiş zaman kullanılır.

Dün Bursa'ya gezmeye gitmişsiniz.

Senin için güzel demişler.

## ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان

ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان تىلغا ئېلىنغان مەلۇم بىر ئىشنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئاڭلانغانلىقى ياكى كېيىن بايقالغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن -mış,-miş,-muş,-müş شەكلىدە كېلىدۇ

سۆزلىگەن كىشى تەرىپىدىن كۆرۈلمىگەن، بىلىنمىگەن ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ۋە ياكى بىلگەن ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكەن زامانىنى قوللىنىمىز.

تۈنۈگۈن بۇرساغا ساياھەتكە كېتىپتىكەنسىلەر.

گۈزەل دېگەن بۇ سۆزنى سەن ئۈچۈنلا دەپتىكەن.

www.uyghurkitap.com

## Belirsiz geçmiş zaman

Konuşana göre sonradan fark edilenler anlatılırken belirsiz geçmiş zaman kullanılır.

Yorgunluktan masanın başında uyumuşum.

Bu topraklar bereketlidir, çalışana bol bol ürün verir; ama şunu gördüm tembeller yurdun dört bucağını sarmış, alın teri dökmeden kazanmaya alışmışlar.

Şaşma, yakınma, hayıflanma, yanılma, pişmanlık, sitem ve teslimiyet bildiren anlatımlarda da bu zaman kullanılır.

Ben neler hayal etmiştim. Sen ise verdiğin sözleri unutmuşsun.

## ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان

سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن كېيىن بايقالغان ئىشلارنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ.

ھارغىنلىقتىن ئۈستەلگە يۆلىنىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

بۇ تۇپراقلار ئىنتايىن بەرىكەتلىكتۇر. تىرىشقانلارغا مول نىئمەتنى ئايىمايدۇ. ئەمما كۆردۈمكى ھورۇنلار يۇرتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپتۇ، تەر تۆكمەي ئېرىشىشكە كۆنۈپ قاپتۇ.

ھەيرانلىق، ئازابلىنىش، ئاھ ئۇرۇش، ئۇقۇشماسلىق، پۇشايمان، كايىش، بويۇن ئېگىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ زامان ئىشلىتىلىدۇ.

مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال قىلغانتىم ئەمما سەن بەرگەن ۋەدەڭنى ئۇنتۇپ كېتىپسەن.

## Belirsiz geçmiş zaman

Üçüncü şahıs bildirme eki –dır'la birlikte kullanıldığında ya kesinlik ya da olasılık anlatır.

Mahkûm'a sekiz yıl ağır hapis cezası verilmiştir.

Babam İstanbul'a varmıştır.

## ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان

ئۈچىنچى شەخسنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە - **dır**بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلغاندا ياكى قەتئىيلىك مەنىسىنى ۋە ياكى ئېھتىماللىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

جىنايەتچىگە سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى (قەتئىيلىك).

دادام ئىستانبۇلغا بېرىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. (ئېھتىماللىق).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2. -mak istemek kalıbı

"-mak istemek" kalıbı fiil kök ya da gövdelerine getirilen "-mak, -mek" ekiyle yapılır. İstekler fiilleri isimleştirerek anlatılmış olur.

Örnek:

Kahve içmek istiyorum.
Sizinle çalışmak isterim.
Kendini doğal yaşam ortamına taşımak istemiş.
Yeşil yaprağın altına gizlenmek istemiş.
Yaşamak, yalnız yemek ve uyumak olmamalı.

## 2. mak ـ ئىستەك قېلىپى

mak ـ ئىستەك شەكلى پېئىل تومۇرىغا ئۇلانغان (mak, mek) قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئىستەك قوشۇمچىلىرى پېئىللارنى ئىسىملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ.

مەسىلەن:

قەھۋە ئىچىشنى خالايمەن.
سىز بىلەن بىللە ئىشلەشنى خالايمەن.
ئۆزىنى تەبىئىي تۇرمۇش مۇھىتىغا يۆتكىمەكچى بوپتۇ.
يېشىل يوپۇرماقنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالماقچى بوپتۇ.
ياشاش پەقەت يېيىش ۋە ئۇخلاشتىن ئىبارەت بولماسلىقى كېرەك.

# Belirsiz geçmiş zaman

| | Olumlu | Olumsuz |
|---|---|---|
| Ben | gelmişim | gelmemişim |
| Sen | gelmişsin | gelmemişsin |
| O | gelmiş | gelmemiş |
| Biz | gelmişiz | gelmemişiz |
| Siz | gelmişsiniz | gelmemişsiniz |
| Onlar | gelmişler | gelmemişler |

| | Olumlu soru | Olumsuz soru |
|---|---|---|
| Ben | gelmiş miyim? | gelmemiş miyim? |
| Sen | gelmiş misin? | gelmemiş misin? |
| O | gelmiş mi? | gelmemiş mi? |
| Biz | gelmiş miyiz? | gelmemiş miyiz? |
| Siz | gelmiş misiniz? | gelmemiş misiniz? |
| Onlar | gelmişler mi? | gelmemişler mi? |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان

| | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|---|
| مەن | كەپتىمەن (بېرىپتىمەن) | كەلمەپتىمەن (بارماپتىمەن) |
| سەن | كەپسەن (بېرىپسەن) | كەلمەپسەن (بارماپسەن) |
| ئۇ | كەپتۇ (بېرىپتۇ) | كەلمەپتۇ (بارماپتۇ) |
| بىز | كەپتۇق (بېرىپتۇق) | كەلمەپتۇق (بارماپتۇق) |
| سىلەر | كەپسىلەر (بېرىپسىلەر) | كەلمەپسىلەر (بارماپسىلەر) |
| ئۇلار | كەپتۇ (بېرىپتۇ) | كەلمەپتۇ (بارماپتۇ) |

| | بولۇشلۇق سوئال | بولۇشسىز سوئال |
|---|---|---|
| مەن | كەپتىمەنمۇ؟ (بېرىپتىمەنمۇ؟) | كەلمەپتىمەنمۇ؟ (بارماپتىمەنمۇ؟) |
| سەن | كەپسەنمۇ؟ (بېرىپسەنمۇ؟) | كەلمەپسەنمۇ؟ (بارماپسەنمۇ؟) |
| ئۇ | كەپتىمۇ؟ (بېرىپتىمۇ؟) | كەلمەپتىمۇ؟ (بارماپتىمۇ؟) |
| بىز | كەپتۇقمۇ؟ (بېرىپتۇقمۇ؟) | كەلمەپتۇقمۇ؟ (بارماپتۇقمۇ؟) |
| سىلەر | كەپسىلەرمۇ؟ (بېرىپسىلەرمۇ؟) | كەلمەپسىلەرمۇ؟ (بارماپسىلەرمۇ؟) |
| ئۇلار | كەپتىمۇ؟ (بېرىپتىمۇ؟) | كەلمەپتىمۇ؟ (بارماپتىمۇ؟) |

# Adım Adım

# قەدەممۇ قەدەم

www.uyghurkitap.com

# Fotoğrafçıda

Ayşe: Günaydın.

Fotoğrafçı: Günaydın Ayşe Hanım, buyurun.

Ayşe: Pasaport için vesikalık fotoğraf çektirmek istiyorum.

Fotoğrafçı: Tabii. Kaç adet olsun?

Ayşe: 12 adet.

Fotoğrafçı: Resminizin arkasına ne renk fon yapalım?

Ayşe: Kıyafetim siyah. Mavi olsun.

Fotoğrafçı: Bence kırmızı yapalım.

Ayşe: Tamam öyle olsun.

Fotoğrafçı: Siz içeriye girin, makyajınızı yapın, saçınızı tarayın, hazırlanın. Ben birazdan geliyorum.

Ayşe: Off! Poz vermek çok zor, fotoğraf çektirmek bana çok zor geliyor.

Fotoğrafçı: Önce kolyenizi düzeltin. Sandalyeyi biraz sağa çekeyim, şimdi oturun, başınızı düz tutun. Sağa ya da sola çevirmeyin. Sırtınızı dik tutun. Şimdi biraz gülümseyin. Çekiyorum... geçmiş olsun.

Ayşe: Teşekkür ederim, ne zaman alabilirim?

Fotoğrafçı: Yarım saat sonra hazır.

Ayşe: Tamam, teşekkürler. İyi günler.

Fotoğrafçı: İyi günler.

ئائىشە: خەيرلىك سەھەر!!.

رەسىمچى: خەيرلىك سەھەر ئائىشە خانىم. مەرھەمەت.

ئائىشە: پاسپورت ئۈچۈن رەسىمگە چۈشمەكچى ئىدىم.

رەسىمچى: ئەلۋەتتە. قانچە پارچە بولسۇن؟

ئائىشە: 12 پارچە.

رەسىمچى: رەسىمىڭىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى قانداق رەڭدە قىلايلى؟

ئائىشە: كىيىمىم قارا، كۆك بولسۇن.

رەسىمچى: مېنىڭچە قىزىل قىلايلى.

ئائىشە: ماقۇل، شۇنداق بولسۇن.

رەسىمچى: سىز ئىچىگە كىرىڭ. گىرىمىڭىزنى قىلىڭ. چىچىڭىزنى تاراڭ. تەييارلىنىڭ. مەن بىردەمدە كېلىمەن.

ئائىشە: ئۇف...شەكىل چىقارماق بەك تەس. رەسىمگە چۈشۈش ماڭا بەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ.

رەسىمچى: ئالدى بىلەن زەنجىرىڭىزنى تۈزەڭ. ئورۇندۇقنى بىرئاز ئوڭغا تارتىڭ. ئەمدى ئولتۇرۇڭ. بېشىڭىزنى تۈز تۇتۇڭ. ئوڭغا ياكى سولغا بۇرىماڭ. دۈمبىڭىزنى تىك تۇتۇڭ. ئەمدى ئازراق كۈلۈمسىرەڭ...ئۆتۈپ كەتتى مانا.

ئائىشە: رەھمەت. قاچان ئېلىۋالسام بولىدۇ؟

رەسىمچى: يېرىم سائەتتىن كېيىن تەييار بولىدۇ.

ئائىشە: ماقۇل، رەھمەت. خوش ئەمىسە

رەسىمچى: خوش ئەمىسە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Fotoğrafçı** | رەسىمچىك ، رەسىمگە تارتقۇچى |
| **Pasaport** | پاسپورت |
| **Vesikalık fotoğraf** | كىنىشكا، ئىسپاتقا چۈشكەن باش رەسىم |
| **Çektirmek** | تارتقۇزماق ، سۆرەتكۈزمەك |
| **Adet** | تال ، دانە |
| **Fon** | ئارقا كۆرۈنۈش ، دېكوراتسىيە |
| **Mavi** | كۆك |
| **Kırmızı** | قىزىل |
| **Makyaj yapmak** | گىرىم قىلماق |
| **Saç taramak** | چاچ تارىماق |
| **Hazırlanmak** | تەييارلانماق |
| **Poz vermek** | رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن شەكىل چىقارماق |
| **Kolye** | مارجان ، زەنجىر(بويۇنغا ئاسىدىغان...) |
| **Düzeltmek** | تۈزەتمەك ، توغرىلىماق |
| **Sandalye** | ئورۇندۇق |

## Yeni Kelimeler يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Çekmek** | چەكمەك، سۆرىمەك، سۈمۈرمەك، ئوخشىماق |
| **Çevirmek** | بۇرىماق، تولغىماق، تەرجىمە قىلماق |
| **Sırt** | دۈمبە، نەرسىنىڭ ئارقا تەرىپى |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# Spor mağazası

Çağrı: Aaa! Merhaba Ceyhun! Nerelerdesin?

Ceyhun: Merhaba Çağrı, yeni bir işe girdim. Onun için görüşemedik. Nasılsın? İyi misin?

Çağrı: Sağ ol, iyiyim, sen nasılsın?

Ceyhun: Ben de iyiyim, teşekkürler.

Çağrı: Hayırlı olsun! Ne işine girdin?

Ceyhun: Bir spor mağazasında erkek reyonuna bakıyorum.

Çağrı: Mağazanın adı ne? Yeri neresi?

Ceyhun: Arslan Spor Mağazası, Kızılay'da.

Çağrı: Kızılay'ın neresinde? Kızılay çok büyük.

Ceyhun: Haklısın. Sosyal Pasajı'nın arka sokağında Kızılay'dan Sıhhıye'ye doğru yürüyorsun. Sağda ilk sokağa giriyorsun, sağdan üçüncü ya da dördüncü dükkân.

Çağrı: Ne zaman başladın işe?

Ceyhun: Henüz iki ay oldu. İşi daha yeni öğreniyorum. Tabii, her işin zor yönleri var.

Çağrı: Senin işinin neresi zor? Kolay bir iş değil mi?

Ceyhun: Hayır, hiç de kolay değil. Müşteri bir spor ayakkabısı veya herhangi bir spor malzemesi alıyor, iki gün sonra "Ben bunu beğenmiyorum, değiştirmek istiyorum." diyor.

Çağrı: Siz de değiştiriyorsunuz değil mi?

Ceyhun: Bazen değiştiriyoruz; ama bazen değiştirmiyoruz.
Çağrı: Nasıl yani?
Ceyhun: Adam ayakkabıyı giyiyor, ayakları çok terliyor. Sonra ayakkabıyı yıkıyor, ayakkabının dikişleri bozuluyor. Ayakkabı bozuk diye geri getiriyor. Hâlbuki, ayakkabıyı kendisi bozuyor. Biz bozukları fabrikaya gönderiyoruz; fakat fabrika bu tip şeyleri kabul etmiyor. Biz de alıcı ile fabrika arasında kalıyoruz.
Çağrı: Dışarıdan her şey kolay gözüküyor; ama galiba her işin zor tarafları var, parası iyi mi?
Ceyhun: Normal. Benim için işi öğrenmek önemli.
Çağrı: Haklısın. Ben de iyi bir iş arıyorum.
Ceyhun: İyi şanslar! Beni ara, görüşmek üzere, hadi iyi günler!
Çağrı: Görüşmek üzere, iyi günler.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەنتەربىيە ماگىزىنى

چاغرى: مەرھابا جەيھۇن، قەيەرلەردە يۈردۈڭ؟

جەيھۇن: مەرھابا چاغرى، يېڭى ئىشقا كىردىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرۈشەلمىدۇق. ئەھۋالىڭ قانداق؟ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

چاغرى: سالامەت بول، ياخشى تۇردۇم. سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداقراق؟

جەيھۇن: مەنمۇ ياخشى، رەھمەت.

چاغرى: ئىشلىرىڭ خەيرلىك بولسۇن، نىمە خىزمەتكە كىردىڭ؟

جەيھۇن: بىر تەنتەربىيە ماگىزىنىدا ئەرلەر كىيىملىرى بۆلۈمىگە قارايمەن.

چاغرى: ماگىزىنىنىڭ ئىسمى نىمە؟ ئورنى قەيەردە؟

جەيھۇن: ئارسلان تەنتەربىيە ماگىزىنى. قىزىلئايدا.

چاغرى: قىزىلئاينىڭ قەيىرىدە؟ قىزىلئاي بەك چوڭ.

جەيھۇن: توغرا دەيسەن. سوتسىيال بازىرىنىڭ ئارقا كوچىسىدا قىزىلئايدىن سىھھىيەگە ئۇدۇل ماڭسەن. ئوڭدىكى بىرىنچى كوچىغا كىرسەن، ئوڭ تەرەپتىن ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى دۇككان.

چاغرى: ئىشنى قاچان باشلىدىڭ؟

جەيھۇن: تېخى ئىككى ئاي بولدى. ئىشنى ئەمدى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، ھەممە ئىشنىڭ قىيىن تەرەپلىرى بار.

چاغرى: سېنىڭ ئىشىڭنىڭ قەيىرى تەس؟ ئاسان ئىش ئەمەسمۇ؟

جەيھۇن: ياق، ئاسان ئەمەس. خېرىدار بىر تەنتەربىيە ئايغىنى ياكى ھەرقانداق بىر تەنتەربىيە بويۇمنى ئالىدۇ، ئىككى كۈندىن كېيىن ‹مەن بۇنى ياقتۇرمىدىم، ئالماشتۇرىمەن›دەيدۇ.

چاغرى: سىلەر ئالماشتۇرۇپ بېرىسىلەر شۇنداقمۇ؟

جەيھۇن: بەزىدە ئالماشتۇرىمىز. ئەمما بەزىدە ئالماشتۇرمايمىز.

چاغرى: قانداقسىگە؟

جەيھۇن: ئۇ ئادەم ئاياقنى كىيىدۇ، پۇتى تەرلەيدۇ، كېيىن ئاياقنى يۇيىدۇ. ئاياقنىڭ تىكىلىشلىرى سۆكۈلىدۇ. ئاياقنى يىرتىق دەپ قايتا ئېلىپ كېلىدۇ. ھالبۇكى ئاياقنى ئۆزلىرى يىرتىۋېتىدۇ. بىز يىرتىقلارنى فابرىكىغا ئەۋەتىمىز. ئەمما فابرىكا بۇ خىل نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىزمۇ سېتىۋالغۇچى بىلەن فابرىكا ئوتتۇرىسىدا قالىمىز.

چاغرى: سىرتتىن قارىسا ھەممە نەرسە ئاسان كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئېھتىمال ھەممە ئىشنىڭ مۇشكۇل تەرەپلىرى بار. مائاشى ياخشىمۇ؟

جەيھۇن: نورمال، ماڭا نىسبەتەن ئىشنى ئۆگىنىش ئەڭ مۇھىم.

چاغرى: توغرا دەيسەن. مەنمۇ ياخشىراق ئىش ئىزدەۋاتىمەن.

جەيھۇن: ساڭا ئامەت تىلەيمەن. مېنى ئىزدەپ تۇر- ھە. كېيىن كۆرۈشەرمىز. خەير- خوش

چاغرى: كۆرۈشكىچە ئامان بول. خەير- خوش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Yeni Kelimeler يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Sosyal | سوتسىيال ، ئىجتىمائىي |
| Pasaj | ئىككى تەرىپى دۇكانلىق بازار |
| Sokak | كوچا |
| İlk | تۇنجى ، بىرىنچى |
| Henüz | تېخى ، تېخىچە |
| Yön | تەرەپ |
| Müşteri | خېرىدار |
| Her hangi | ھەرقانداق |
| Malzeme | كېرەكلىك بويۇملار ، ئەشيالار |
| Beğenmek | ياقتۇرماق ، ياخشى كۆرمەك |
| Beğenmemek | ياقتۇرماسلىق ، ياخشى كۆرمەسلىك |
| Değiştirmek | ئالماشتۇرماق |
| Ayak | پۇت |
| Yıkamak | يۇماق |
| Galiba | بەلكىم |

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Şans** | تەلەي ، ئامەت ، پۇرسەت |
| **Ünlü** | داڭلىق ، مەشھۇر |
| **Semt** | ئولتۇراق رايون ، تەرەپ |
| **Apartman** | ئولتۇراق بىنا |
| **Daire** | ئۆي ، دائىرە، دۆلەت ئورگانلىرى ، ئىدارە |
| **Kat** | قەۋەت |
| **Kuru yemiş** | قۇرۇق يەل يېمىش |
| **Berber** | ساتىراچ ، ساتىراچخانا |
| **Kuru temizleyici** | قۇرۇق يۇيۇش دۇكىنى |
| **Durum** | ئەھۋال ، ۋەزىيەت |
| **Kafa dinlemek** | مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇش ، مېڭىنى سەگىتىش |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



Hâl ekleri

İsmin hâlleri sözüyle bir varlığın bir fiille veya bir varlığın başka bir varlıkla olan ilişkisini anlatıyoruz. İsimler cümle içindeki görevlerine ve fiille olan ilgilerine göre ya yalın durumda bulunurlar ya da çekim eklerinden birini alırlar. Cümledeki görevlerine göre isimlerin bulunabilecekleri durumlardan her birine ismin hâli denir.

Bir ismin yüklemle ve başka bir isimle ilgisini incelediğimizde hâl eklerinden söz etmemiz gerekir. İsimlerin anlam birlikleri içerisinde bulunabilecekleri hâller, durumlar şunlardır:

1. Yalın hâl kalem
2. Belirtme hâli kalem + i =kalemi
3. Yönelme hâli kalem +e =kaleme
4. Bulunma hâli kalem + de=kalemde
5. Uzaklaşma hâli kalem + den=kalemden
6. İlgi hâli kalem +in=kalemin

Bu ekler kelimedeki ünlülerin durumuna göre kalın veya ince olurlar. Örnek verecek olursak:

Evde, okulda, sepette, sokakta, çantadan, masayı, evi, öne, arkaya, kapının, annesinin hâl eklerinin kullanışına dikkat ederek dinleyiniz.

كېلىش قوشۇمچىلىرى

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان سۆزلەر ئارقىلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ بىر پېئىل بىلەن ياكى بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ باشقا بىر مەۋجۇتلۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيمىز. ئىسىملار جۈملە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىگە ۋە پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ياكى باش كېلىشتە كېلىدۇ ياكى ماس كەلگەن باشقا كېلىش كاتېگورىيىسى بىلەن كېلىدۇ.

جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئىپادىلەپ كېلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەر بىرىنى ئىسىمنىڭ كېلىش شەكلى دەيمىز.

بىر ئىسىمنىڭ خەۋەر بىلەن ۋە باشقا بىر ئىسىم بىلەن مۇناسىۋىتىنى تەپسىلىي كۆزەتكىنىمىزدە كېلىش قوشۇمچىلىرى ھەققىدە توختىلىشىمىز لازىم. ئىسىملارنىڭ مەنە بىرلىكلىرى ئىچىدە كېلىدىغان كېلىشلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. باش كېلىش قەلەم
2. چۈشۈم كېلىش قەلەمنى
3. يۆنىلىش كېلىش قەلەمگە
4. ئورۇن كېلىش قەلەمدە
5. چىقىش كېلىش قەلەمدىن
6. ئىگىلىك كېلىش قەلەمنىڭ

بۇ قوشۇمچىلار سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن توم ياكى ئىنچىكە بولىدۇ. مىسال بەرسەك:

ئۆيدە، مەكتەپتە، سىۋەتتە، كوچىدا، سومكىدىن، ئۇستەلنى، ئۆينى، ئالدىغا، ئارقىغا، ئىشكىنىڭ، ئاپىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# Okuma

Benim adım Emin. Otuz yedi yaşındayım. Evliyim. Eşimin adı Gül. İkimiz de Bursalıyız. İki çocuğumuz var. Büyük çocuğumuz Okan, on beş yaşında ve liseye gidiyor. Küçüğü Sevgi ise on üç yaşında ve yedinci sınıfa gidiyor.

Biz Bursa'nın ünlü Çekirge semtinde bir apartman dairesinde oturuyoruz. Apartmanımız beş katlı. Biz üçüncü katta, yani orta katta oturuyoruz. Apartmanda on altı daire var. En altta üç tane dükkan var. Ortada kuru yemiş dükkanı var. Sağında berber, solunda da kuru temizleyici var.

Ben avukatlık yapmaktayım. Eşim ise lisede Edebiyat öğretmeni. Babam üç yıl önce vefat etti. Annem de bizimle birlikte. Bir ağabeyim (abim) bir de ablam var; ama her ikisi de Bursa'nın dışında. Annem Bursa'dan ayrılmak istemiyor. Biz de bu durumdan çok memnunuz. Annem bize her konuda yardım ediyor. O emekli bir öğretmen.

Hafta sonlarında annem, eşim ve çocuklarla birlikte Yalova'ya gidiyoruz. Orada da bir evimiz var. Ev denize çok yakın. Bizim evin önünde iki ev var. Ondan sonrası deniz. Orayı annem çok seviyor. Deniz havası ona çok iyi geliyor. Çocuklar ve eşim için de kafa dinlemek için çok güzel bir yer. Ben de denizi ve balığı çok seviyorum. Bazen arkadaşlarla birlikte balık tutuyoruz.

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Şans | تەلەي ، ئامەت ، پۇرسەت |
| Ünlü | داڭلىق ، مەشھۇر |
| Semt | ئولتۇراق رايون ، تەرەپ |
| Apartman | ئولتۇراق بىنا |
| Daire | ئۆي ، دائىرە، دۆلەت ئورگانلىرى ، ئىدارە |
| Kat | قەۋەت |
| Kuru yemiş | قۇرۇق يەل يېمىش |
| Berber | ساتىراچ ، ساتىراچخانا |
| Kuru temizleyici | قۇرۇق يۇيۇش دۇكىنى |
| Durum | ئەھۋال ، ۋەزىيەت |
| Kafa dinlemek | مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇش ، مېڭىنى سەگىتىش |

نۇرۇز كىتاب تور بېكىتى
www.nurkitap.com



Hâl ekleri

İsmin hâlleri sözüyle bir varlığın bir fiille veya bir varlığın başka bir varlıkla olan ilişkisini anlatıyoruz. İsimler cümle içindeki görevlerine ve fiille olan ilgilerine göre ya yalın durumda bulunurlar ya da çekim eklerinden birini alırlar. Cümledeki görevlerine göre isimlerin bulunabilecekleri durumlardan her birine ismin hâli denir.

Bir ismin yüklemle ve başka bir isimle ilgisini incelediğimizde hâl eklerinden söz etmemiz gerekir. İsimlerin anlam birlikleri içerisinde bulunabilecekleri hâller, durumlar şunlardır:

1. Yalın hâl kalem
2. Belirtme hâli kalem + i =kalemi
3. Yönelme hâli kalem +e =kaleme
4. Bulunma hâli kalem + de=kalemde
5. Uzaklaşma hâli kalem + den=kalemden
6. İlgi hâli kalem +in=kalemin

Bu ekler kelimedeki ünlülerin durumuna göre kalın veya ince olurlar. Örnek verecek olursak:

Evde, okulda, sepette, sokakta, çantadan, masayı, ev…
öne, arkaya, kapının, annesinin

hâl eklerinin kullanışına dikkat ederek dinleyi…

## تېكىست

### كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلغاچ ئاڭلاڭ

مېنىڭ ئىسمىم ئەمىن. ئوتتۇز يەتتە ياشقا كىردىم. ئۇيلۇك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولغان. ئايالىمنىڭ ئىسمى گۈل. ئىككىلىمىز بۇرسالىق. ئىككى بالىمىز بار. چوڭ بالىمىز ئوكان ئون بەش ياشقا كىردى ۋە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدۇ. كىچىكى سەۋگى ئون ئۈچ ياشقا كىردى ۋە يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

بىز بۇرسانىڭ داڭلىق چەكىرگە رايونىدا بىنا ئۇيدە ئولتۇرىمىز. بىزنىڭ بىنا بەش قەۋەتلىك. بىز ئۈچىنچى قەۋەتتە يەنى ئوتتۇرىدىكى قەۋەتتە ئولتۇرىمىز. بىنادا ئون ئالتە ئۇي بار. ئەڭ ئاستىدا ئۈچ دۇككان بار. ئوتتۇرىدا قۇرۇق يېمىش دۇكىنى بار، ئوڭ تەرىپىدە ساتىراچ، سول تەرىپىدە قۇرۇق يۇيۇش دۇكىنى بار.

مەن ئادۋۇكاتلىق قىلىمەن. ئايالىم تولۇق ئوتتۇرىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. دادام ئۈچ يىل بۇرۇن تۇگەپ كەتتى. ئاپاممۇ بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ. بىر ئاكام يەنە بىر ئاچام بار، ئەمما ھەر ئىككىلىسى بۇرسانىڭ سىرتىدا. ئاپام بۇرسادىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. بىزمۇ بۇ ئىشتىن ناھايىتى خوش. ئاپام بىزگە ھەممە ئىشتا ياردەم قىلىدۇ. ئۇ پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى.

ھەپتە ئاخىرلىرىدا ئاپام، ئايالىم ۋە بالىلىرىم بىلەن يالوۋاغا بارىمىز. ئۇ يەردە بىر ئۇيىمىز بار. ئۇي دېڭىزغا بەك يېقىن. بىزنىڭ ئۇينىڭ ئالدىدا ئىككى ئۇي بار. ئۇنىڭ ئارقىسى دېڭىز. ئۇ يەرنى ئايام بەك ياخشى كۆرىدۇ .دېڭىز ھاۋاسى ئۇنىڭغا بەك ياقىدۇ. بالىلار ۋە ئايالىم ئۈچۈنمۇ مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرىدىغان ناھايىتى ياخشى يەر. مەنمۇ دېڭىزنى ۋە بېلىقنى ياخشى كۆرىمەن. بەزىدە دوستلىرىم بىلەن بېلىق تۇتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



| Durum | Ek | Örnek |
| --- | --- | --- |
| Yalın hâl<br>باش كېلىش | — — — | Kendime kalem aldım.<br>ئۆزۈمگە قەلەم ئالدىم. |
| Belirtme hâli<br>چۈشۈم كېلىش | +ı,+i,+u,+ü<br>+yı,+yi,+yu,+yü | Evim'i özledim.<br>ئۆيۈمنى سېغىندىم<br>Gözlüğü kırık.<br>كۆزەينىكى سۇنۇق<br>Ürümçi'yi seviyorum.<br>ئۈرۈمچىنى ياخشى كۆرىمەن |
| Yönelme hâli<br>يۆنىلىش كېلىش | +a,+e,+ya,+ye | Okula gidiyorum.<br>مەكتەپكە بارىمەن<br>Kitabı masaya koy.<br>كىتابنى ئۈستەلگە قوي |
| Bulunma hâli<br>ئورۇن كېلىش | +da,+de,+ta,+te | Defterin bende değil.<br>دەپتىرىڭ مەندە ئەمەس<br>Sınıfta öğrenciler var.<br>سىنىپتا ئوقۇغۇچىلار بار |
| Uzaklaşma hâli<br>چىقىش كېلىش | +dan,+den,+tan,+ten | Evden uzaklaşın.<br>ئۆيدىن يىراقلىشىڭ<br>Şu kazaktan alıyorum.<br>بۇ پوپايكىدىن ئالىمەن |
| İlgi hâli<br>ئىگىلىك كېلىش | +ın,+in,+un,+ün<br>+nın,+nin,+nun,+nün | Evin kapısı kapalı.<br>ئۆينىڭ ئىشىكى تاقاق<br>Ürümçi'nin havası güzel.<br>ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى ياخشى |

# Her Şey Güzel Olacak

# ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ

## Konuşma

Mehmet Bey: Aylin, ne zaman doktor olacaksın? Sana muayene olmayı dört gözle bekliyorum.

Aylin: Dayıcığım, inşallah önümüzdeki yıl mezun olup doktor olacağım. Sonra hepinizi tek tek muayene edeceğim. Söz veriyorum.

Mehmet Bey: Yeğenim, mesleğini iyi öğren; çünkü ülkemizde her zaman iyi doktorlara ihtiyaç var. Yurt dışında yayımlanmış tıpla ilgili kitapları da oku. Gelişmeleri izle; çünkü tıpla ilgili her an yeni buluşlar oluyor.

Aylin: Biliyorum dayıcığım. Bunun için gece gündüz çalışıyorum. Sizin desteğiniz bana güç veriyor.

Mehmet Bey: Mezuniyet törenine mutlaka geleceğim. Sana o zaman bir de sürprizim olacak.

Aylin: Ne sürprizi dayıcığım?

Mehmet Bey: Şimdi olmaz. Sen önce mezun ol.

Aylin: Anne, dayımın sürprizi ne? Senin haberin vardır. O senin kardeşin. Belki sana söylemiştir.

Nurten Hanım: Bilmiyorum kızım. Ben de ilk kez duyuyorum. Hem sürprizi söylemek doğru değil. O zaman sürpriz olmaz. Her hâlde o gün senin için önemli bir gün olacak.

Aylin: Peki anne, babamın da bana bir sürprizi olacak mı? Babam bu konuda şimdiye kadar bana hiç bir şey söylemedi. Ayrıca sen de bir şeyler düşünüyor musun?

Nurten Hanım: Evet. Bu konuyu babanla konuştuk.



www.uyghurkitap.com

Seni tek başına tatile yollamaya karar verdik.

Aylin: Yaşasın. Buna çok sevindim. Peki nereye göndermeyi düşünüyorsunuz?

Nurten Hanım: Baban bu sene tatilini İstanbul'da geçirmeni istiyor.

Aylin: Biliyorsun. En çok merak ettiğim şehir İstanbul'du. İstanbul adeta bir açık hava müzesidir. Ben de İstanbul'a gitmeyi çok isterim. Bu akşam sinemaya gidecek miyiz?

Nurten Hanım: Evet, babanı bekliyoruz. Akşam hep beraber sinemaya gideceğiz.

Aylin: Peki akşama yemek yapmayacak mısın?

Nurten Hanım: Üzgünüm. Yapmayacağım; çünkü yemeği dışarıda yiyeceğiz.

Aylin: Dayım da bizimle yemeğe gelecek mi?

Nurten Hanım: Onu da istersen dayına sor.

Aylin: Dayıcığım, akşam bizimle beraber yemeğe gelecek misin?

Mehmet Bey: Hayır canım. Ne yazık ki ben yemeğe gelemeyeceğim; ama sizinle sinemanın önünde buluşacağız. Film başlamadan yirmi dakika önce sinemanın önünde buluşacağız.

Aylin: Yaşasın. Bugün çok mutluyum. Annem, babam ve dayımla beraber sinemaya gidip güzel bir gün geçireceğiz.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەھمەت ئەپەندى: ئايلىن، قاچان دوختۇر بولىسەن؟ ساڭا دىئاگنوز قويىدۇرۇشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىمەن.

ئايلىن: تاغا، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ دوختۇر بولىمەن. ئاندىن ھەممىڭلارنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ قويىمەن. ۋەدە بېرىمەن.

مەھمەت ئەپەندى: جىيەنىم، كەسپىڭنى ياخشى ئۆگەن. چۈنكى دۆلىتىمىز ھەر ۋاقىت ياخشى دوختۇرلارغا ئېھتىياجلىق. چەتئەلدە نەشر قىلىنغان مېدىتسىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنىمۇ ئوقۇ. ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ تۇر. چۈنكى ھەر ۋاقىت مېدىتسىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەشپىياتلار چىقىپ تۇرىدۇ.

ئايلىن: بىلىمەن تاغا. شۇنىڭ ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىۋاتىمەن. سىلەرنىڭ ئىلھاملىرىڭلار ماڭا كۈچ بېغىشلايدۇ.

مەھمەت ئەپەندى: ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىڭغا چوقۇم بارىمەن. ساڭا شۇ چاغدا ھەيران قالارلىق سوۋغا بېرىمەن.

ئايلىن: نېمە سوۋغا تاغا؟

مەھمەت ئەپەندى: ھازىر دېسەم بولمايدۇ. سەن ئالدى بىلەن مەكتىپىڭنى پۈتتۈر.

ئايلىن: ئاپا، تاغامنىڭ مېنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىدىغان سوۋغىسى نېمە؟ سېنىڭ خەۋىرىڭ بار ھەقىچان. ئۇ سېنىڭ ئىنىڭ. بەلكى ساڭا دېگەندۇ.

نۇرتەن خانىم: بىلمەيمەن قىزىم. مەنمۇ ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن. ھەم نېمە سوۋغا ئىكەنلىكىنى دەپ قويۇش توغرا ئەمەس. ئۇ ۋاقىتتا ھەيران قالارلىق بولماي قالىدۇ. ھەرھالدا شۇ كۈنى سەن ئۈچۈن مۇھىم بىر كۈن بولۇپ قالىدۇ.

ئايلىن: ماقۇل ئاپا. دادامنىڭ ماڭا سوۋغىسى باردۇ ھە؟ دادام بۇ ھەقتە ھازىرغىچە بىر نەرسە دېمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سەنمۇ بىرەر نەرسە ئويلاشتىڭمۇ؟

نۇرتەن خانىم: ھەئە. بۇ ھەقتە داداڭ بىلەن پاراڭلاشتۇق. سېنى يالغۇز دەم ئېلىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق.

ئايلىن: ياشىسۇن. بۇنىڭغا بەك خوشال بولدۇم. ئۇنداق بولسا قەيەرگە ئەۋەتىشنى ئويلىشىۋاتىسلەر؟

نۇرتەن خانىم: داداڭ بۇ يىل دەم ئېلىشنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈشۈڭنى خالايدۇ.

ئايلىن: بىلىسەن. مەن ئەڭ ھەۋەس قىلىدىغان شەھەر ئىستانبۇل ئىدى. ئىستانبۇل خۇددى ئۈستى ئوچۇق مۇزىيخانىغا ئوخشايدۇ. مەنمۇ ئىستانبۇلغا بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن. بۈگۈن ئاخشام كىنوخانىغا بارامدۇق؟

نۇرتەن خانىم: ھەئە. داداڭنى ساقلاۋاتىمىز. كەچتە ھەممىمىز بىللە كىنوخانىغا بارىمىز.

ئايلىن: ئۇنداقتا كەچلىك تاماق ئەتمەمسەن؟

نۇرتەن خانىم: خاپا بولما، ئەتمەيمەن. چۈنكى تاماقنى سىرتتىن يەيمىز.

ئايلىن: تاغاممۇ بىز بىلەن بىللە تاماققا بارامدۇ؟

نۇرتەن خانىم: ئۇنى خالىساڭ تاغاڭنىڭ ئۆزىدىن سور.

ئايلىن: تاغا، كەچتە بىز بىلەن بىللە تاماققا بارامسەن؟

مەھمەت ئەپەندى: ياق جېنىم، ئەپسۇس مەن تاماققا بارالمايمەن. ئەمما سىلەر بىلەن كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىمىز. كىنو باشلىنىشتىن يىگىرمە مىنۇت بۇرۇن كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشىمىز.

ئايلىن: ھەجەپ ياخشى. مەن بۈگۈن ناھايىتى خوشال. ئاپا، دادا ۋە تاغام بىلەن بىللە كىنوخانىغا بېرىپ گۈزەل بىر كۈن ئۆتكۈزىمىز.

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Doktor | دوختۇر، دوكتۇر ئۇنۋانى |
| Muayene olmak | تەكشۈرتكۈزمەك |
| Beklemek | ساقلىماق، كۈتمەك |
| Mezun olmak | مەكتەپ پۈتتۈرمەك |
| Tek tek | بىرمۇ بىر |
| Söz vermek | ۋەدە بەرمەك |
| Meslek | كەسىپ |
| Öğrenmek | ئۆگەنمەك |
| Tıp | مېدىتسىنا، تىببىي |
| İlgili | مۇناسىۋەتلىك |
| Buluş | كەشپىيات، ئىجاد |
| Yurt dışı | چەتئەل، دۆلەت سىرتى |
| Yayımlanmak | نەشر قىلىنماق، تارقىتىلماق |
| Gelişme | تەرەققىيات، راۋاجلىنىش، راۋاج |
| İzlemek | كۆرمەك (تېلېۋىزور)، كەينىگە چۈشمەك |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## Yeni Kelimeler　　يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Destek** | ئىلھام، مەدەت، قوللاش |
| **Mezuniyet töreni** | ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى |
| **Mutlaka** | چوقۇم |
| **Sürpriz** | ھەيران قالارلىق ئىش، نەرسە |
| **Duymak** | ئاڭلىماق، تىڭشىماق، تۇيماق، ھېس قىلماق |
| **İlk kez** | تۇنجى قېتىم |
| **Önemli** | مۇھىم |
| **Merak etmek** | ئەنسىرىمەك، تەشۋىشلەنمەك، قىزىقماق |
| **Adeta** | خۇددى، ئادەتتىكىدەك |
| **Müze** | مۇزېيخانا |
| **Göndermek** | ئەۋەتمەك، يوللىماق |
| **Üzgün** | پەرىشان، كۆڭلى يېرىم |
| **Yazık** | گۇناھ، لەنەت، ئېسىت، ئەپسۇس |
| **Buluşmak** | كۆرۈشمەك، ئۇچراشماق |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Konuşma

Anne: Kızım, gel buraya çabuk!
Çocuk: Geliyorum anneciğim.
Anne: Bak bakalım buraya. Ne görüyorsun?
Çocuk:Hiçbir şey göremiyorum anne, masa ve aynadan başka.
Anne: Haklısın, ben de göremiyorum; çünkü bir şey yok. Sabahleyin buraya krem ve tarağımı koydum; ama şimdi yerinde yeller esiyor.
Çocuk: Ben aldım, banyoya bıraktım ikisini de.
Anne: Kızım seninkiler odanda, niçin benimkileri alıp götürüyorsun?
Çocuk: Aman anne! Ne önemi var?
Anne: Öyle deme. Ben senin eşyalarını veya odanı karıştırmıyorum. Sen de karıştırmayacaksın! Büyüdün artık. Bu yıl okula başlayacaksın. Hiç kimsenin eşyasını karıştırmayacaksın veya eve getirmeyeceksin. Sorumluluk sahibi olacaksın.
Çocuk: Tamam anneciğim; söz. Bir daha böyle olmayacak. Kimsenin eşyasını almayacağım.
Anne: Hadi şimdi git. Benim eşyalarımı getirip yerine koy! Sonra da doğru odana gidip ortalığı toplayacaksın, yine oyuncakların ayak altında.
Çocuk: Peki anneciğim. Hemen gidip odamı topluyorum. Tabii, Önce senin eşyalarını yerine koyacağım.
Anne: Aferin kızım! Hep böyle dikkatli ol! Hiçbir şeyi unutma!
Çocuk: Söz anneciğim. Unutmayacağım.

# دىئالوگ

ئاپا: قىزىم، بۇياققا كېلە تېز بول!

بالا: كېلىۋاتىمەن ئاپا.

ئاپا: بۇ يەرگە قارىغىنا، نېمىنى كۆردۈڭ؟

بالا: ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم ئاپا ئۈستەل ۋە ئەينەكتىن باشقا.

ئاپا: توغرا دەيسەن. مەنمۇ كۆرمىدىم. چۈنكى بىر نەرسە يوق. ئەتىگەن بۇ يەرگە يۈز مېيىم بىلەن تارىغىقىمنى قويدۇم، ئەمما ھازىر ئورنىدا ھېچنېمە يوق.

بالا: مەن ئالدىم. مۇنچىغا قويۇپ قويدۇم ئىككىلىسىنى.

ئاپا: قىزىم، سېنىڭكى ھۇجراڭدا تۇرسا نېمىشقا مېنىڭكىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىسەن؟

بالا: ئوجۇن ئاپا، ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەستۇ؟

ئاپا: ئۇنداق دېمە. مەن سېنىڭ نەرسىلىرىڭنى ياكى ھۇجراڭنى قالايمىقان قىلمايمەن. سەنمۇ قالايمىقان قىلما! چوڭ بولدۇڭ ئەمدى. بۇ يىل مەكتەپكە كىرىسەن! ھېچكىمنىڭ نەرسىسىنى ئىلەشتۈرمەيسەن ھەم ئۆيگىمۇ ئېلىپ كەلمەيسەن! مەسئۇلىيەتچان بولىسەن.

بالا: ماقۇل ئاپا. ۋەدە بېرەي. ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ. ھېچكىمنىڭ نەرسىسىنى ئالمايمەن.

ئاپا: ئەمىسە ھازىرلا ماڭ، مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئەكىلىپ ئورنىغا قوي! ئاندىن ئۆدۈل ھۇجراڭغا چىقىپ ھۇجراڭنى رەتلە، ئويۇنچۇقلىرىڭ يەنە ھەممە يەردە چېچىلىپ تۇرىدۇ.

بالا: ماقۇل ئاپا. ھازىرلا بېرىپ ھۇجرامنى رەتلەيمەن. ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن سېنىڭ نەرسىلىرىڭنى ئورنىغا قويۇپ قويىمەن.

ئاپا: ئاپىرىن قىزىم! ھەمىشە مۇشۇنداق دىققەت قىل. ھېچنېمىنى ئۇنۇتما.

بالا: ۋەدە بېرىمەن ئاپا، ئەمدى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# Yeni Kelimeler يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Ayna | ئەينەك |
| Sabahleyin | ئەتىگەن ، سەھەر |
| Krem | يۈز ماي |
| Tarak | تارغاق |
| Yerinde yeller esmek | ئورنىدا ھېچ نەرسە يوق |
| Banyo | مۇنچا، يۇيۇنىدىغان ۋاننا |
| Bırakmak | قويماق ، تاشلىماق ، ئىز قالدۇرماق |
| Karıştırmak | ئارىلاشتۇرماق ، ئېلەشتۈرمەك |
| Büyümek | چوڭ بولماق ، چوڭايماق |
| Getirmek | كەلتۈرمەك ، ئېلىپ كەلمەك |
| Sorumluluk | مەسئۇلىيەت ، جاۋاپكارلىق |
| Bir daha | قايتا، تەكرار |

## Gelecek zaman

Eylemin konuşma anından sonra yapılacağını, başka bir ifadeyle gelecek zamanın herhangi bir anında bir fiili yapmaya niyetli olduğumuzu bildirir. Örneğin:

Okula gideceğim.

Gitme eylemini bu sözün söylendiği andan sonra yapmaya niyetli olduğunu bildiriyor.

Gelecek zaman ifade eden bir cümle kurabilmek için fiil kök ya da gövdelerine ünlü uyumuna göre "–ecek" eki getirilerek yapılır. Fiil kök ya da gövdesinin sonu bir ünlüyle bitiyorsa araya"-y-" Kaynaştırma harfi girer. Diyecek, okuyacak, ağlayacak örneklerinde olduğu gibi. Burada dikkat etmemiz gereken bir nokta da "gelmeyecek" diye yazarız ama "gelmiycek" diye okuruz.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



كېلىدىغان زامان

ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن قىلىنىدىغانلىقىنى، باشقىچە ئىپادە بىلەن، كەلگۈسى زامان ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىت بۆلىكى ئىچىدە شۇ ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

مەكتەپكە بارىمەن .

«بېرىش» ھەرىكىتىنى بۇ سۆز دېيىلگەن ۋاقىتتىن كېيىن قىلىشقا نىيەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كېلىدىغان زاماننى ئىپادە قىلغان بىر جۈملە تۈزۈش ئۈچۈن پېئىل تومۇرىغا ياكى پېئىل ئۆزىكىگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە **ecek** ـ قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. پېئىل تومۇرى ياكى پېئىل ئۆزىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا **y** ـ بىلەن باشلانغان قوشۇمچىنى قوشىمىز . يەنى **Diyecek,okuyacak ağlayacak** مىساللىرىغا ئوخشاش . دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى **gelmeyecek** دەپ يازىمىز . ئەمما **gelmiycek** دەپ ئوقۇيمىز.

Gelecek zaman ekinin çekimini şu şekilde yaparız:

| Olumlu biçimi | olumsuz biçimi |
|---|---|
| Geleceğim | Gitmeyeceğim |
| Geleceksin | Gitmeyeceksin |
| Gelecek | Gitmeyecek |
| Geleceğiz | Gitmeyeceğiz |
| Geleceksiniz | Gitmeyeceksiniz |
| Gelecekler | Gitmeyecekler |

| Olumlu soru biçimi | olumsuz soru biçimi |
|---|---|
| Gelecek miyim? | Gitmeyecek miyim? |
| Gelecek misin? | Gitmeyecek misin? |
| Gelecek mi? | Gitmeyecek mi? |
| Gelecek miyiz? | Gitmeyecek miyiz? |
| Gelecek misiniz? | Gitmeyecek misiniz? |
| Gelecekler mi? | Gitmeyecekler mi? |

Gelecek zaman kimi kez fiilin gelecekte yapılması gerektiğini bildirir.

Kötü söz söylemekten vaz geçeceksin.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېلىدىغان زامان قوشۇمچىسىنىڭ ئالتە شەخستە تۈرلىنىپ كېلىشى تۆۋەندىكىچە:

| بولۇشسىز شەكلى | بولۇشلۇق شەكلى |
|---|---|
| بارمايمەن | كېلىمەن |
| بارمەيسەن | كېلىسەن |
| بارمايدۇ | كېلىدۇ |
| بارمايمىز | كېلىمىز |
| بارمايسىلەر | كېلىسىلەر |
| بارمايدۇ | كېلىدۇ |

| بولۇشسىز سوئال | بولۇشلۇق سوئال |
|---|---|
| بارامدىمەن؟ | كېلەمدىمەن؟ |
| بارامسەن؟ | كېلەمسەن؟ |
| بارامدۇ؟ | كېلەمدۇ؟ |
| بارامدۇق؟ | كېلەمدۇق؟ |
| بارامسىلەر؟ | كېلەمسىلەر؟ |
| بارامدۇ؟ | كېلەمدۇ؟ |

كېلىدىغان زامان بەزى ۋاقىتتا ھەركەتنىڭ كەلگۈسىدە قىلىنىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يامان گەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىسەن.

Şimdi okuyacağımız cümlelerdeki gelecek zaman eklerine dikkat edelim.

Bakkala gidiyorum, az sonra geleceğim.
Akşam seni evden arayacağım.
Uçak saat ikide kalkacak.
Bu yaz tatile çıkacak mısınız?
Yarın önemli bir sınavım var. Sabaha kadar ders çalışacağım.
Seni ömür boyu seveceğim.
Karnım tok, hiç bir şey yemeyeceğim.
Çocuklarla konuştum, bir daha sizi rahatsız etmeyecek.
Bu yıl mezun olacağım.
Herkese karşı saygılı olacaksın.

ئەمدى ئوقۇماقچى بولغان جۈملىلەردىكى كېلىدىغان زامان قوشۇمچىلىرىغا دىققەت قىلايلى.

دۇككانغا چىقىمەن، بىر ئازدىن كېيىن كېلىمەن.
كەچتە سىنى ئۆيدىن ئىزدەيمەن.
ئايروپىلان سائەت ئىككىدە قوزغىلىدۇ.
بۇ ياز دەم ئالامسەن؟
ئەتە مۇھىم بىر ئىمتىھانىم بار. تاڭ ئاتقۇچە دەرس ئۆگىنىمەن.
سىنى ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرىمەن.
قورسىقىم توق، ھېچنەرسە يېمەيمەن.
باللار بىلەن پاراڭلاشتىم، سىزنى قايتا ئاۋارە قىلمايدۇ.
بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرىمەن.
ھەممە ئادەمنى ھۆرمەت قىلىسەن.

www.uyghurkitap.com

# Farklı dünya Farklı kültür

# پەرقلىق دۇنيا پەرقلىق مەدەنىيەت

# Farklı dünya Farklı kültür

# پەرقلىق دۇنيا پەرقلىق مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ESKİMOLAR

Kanada, Sibirya, Grönland, Alaska gibi Kuzey Kutbu'na yakın bölgede yaşarlar. Toplam nüfusları 100.000'i bile bulmaz. Kendilerine İnuit derler. Giysilerini ve ayakkabılarını hayvan derisinden yaparlar. Barışçı, dürüst, neşeli ve misafirperver insanlardır. Burunlarını birbirine sürterek selamlaşırlar. Konuk ağırlamaktan zevk duyarlar. Kavga, hırsızlık gibi şeyler eskimo topuluklarında hiç olmaz.

# ئېسكىموسلار

كانادا، سىبىرىيە، گىرىنلاندىيە، ئالياسكا قاتارلىق شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن رايونلاردا ياشايدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 100مىڭغىمۇ يەتمەيدۇ. ئۆزىنى ئىننۇئىت دەيدۇ. كىيىملىرى ۋە ئاياقلىرى ھايۋان تېرىسىدىن ياسىلىدۇ. تىنچلىقپەرۋەر، خۇشخۇي ۋە مېھماندوست ئادەملەردۇر. بۇرنىنى بىر-بىرىنىڭكىگە سۈرتۈش ئارقىلىق سالاملىشىدۇ. مېھمان كۈتۈشتىن خوشاللىق ھېس قىلىدۇ. جېدەل - ماجرا، ئوغرىلىق قاتارلىق ئىشلار ئېسكىموس جەمئىيىتىدە پەقەت يۈز بەرمەيدۇ.

# AFRİKALILAR

Afrika coğrafyasında, çoğu bağımsız, elliye yakın devlet vardır; ama birçok ülkenin, özellikle taşra bölgelerinde, hâlâ kabile hayatı egemendir. Afrikalılar atalarına büyük saygı duyarlar ve onların ruhunu sürekli yanlarında hissederler. Bu nedenle akıl dışı olaylara, büyü ve büyücülere çok inanırlar. Büyücüler insanlara ceza verebilir; hatta onları kurban edebilirler.

# ئافرىقىلىقلار

ئافرىقا جۇغراپىيىسىدە كۆپىنچىسى مۇستەقىل ئەللىككە يېقىن دۆلەت بار. ئەمما كۆپىنچە دۆلەتتە بولۇپمۇ پايتەختتىن سىرت رايونلاردا تېخىچە قەبىلە ھاياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئافرىقىلىقلار ئەجدادلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى داۋاملىق يېنىمىزدا دەپ ھېس قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەقىل يەتمەيدىغان ۋەقەلەرگە، سېھىر ۋە سېھىرگەرلەرگە ناھايىتى ئىشىنىدۇ. سېھىرگەرلەر كىشىلەرگە جازا بېرەلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنى قۇربانلىق قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# TİBETLİLER

Denizden tam 5.000m. yükseklikte adeta "Dünyanın damında"yaşarlar. Sayıları 2 milyonu geçmez ve Çinlilerden çok Moğollara benzerler. Halkın büyük çoğunluğu et yemez. Ölülerini gömmezler; çünkü onlar için cansız bedenin bir anlamı yoktur. Cesetleri parçalarlar, bir ırmağa ya da ıssız tepelere atarlar. Soyluların cesetlerini ise yakarlar.

# تىبەتلىكلەر (زاڭزۇلار)

دېڭىزدىن نەق **5000** مېتىر ئېگىزلىكتە ‹دۇنيانىڭ ئۆگزىسى› دە ياشايدۇ. سانى 2 مىليوندىن ئاشمايدۇ ۋە خەنزۇلاردىن بەكرەك موڭغۇللارغا ئوخشايدۇ. خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى گۆش يېمەيدۇ. جەسەتلەرنى كۆممەيدۇ، چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن جانسىز بەدەننىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقتۇر. جەسەتلەرنى پارچىلايدۇ ۋە ئۆستەڭگە ياكى ئادەم ئايىغى تەگمەيدىغان تاغلارغا تاشلىۋېتىدۇ. ئابرويلۇق ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى بولسا كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

# Kına gecesi

Düğünden bir gece önce, kadınlar kendi aralarında eğlence düzenlerler. Bu eğlence, gelinin evinde olur. Buna kına gecesi denir.

Kına gecesinde genç kızlar ve kadınlar, müzik eşliğinde oynarlar ve birlikte türküler söylerler. Bu eğlencenin bir bölümünde ise geline kına yakarlar. Kınayı gelinin avuç içine koyup sararlar. Evinin bereketli olması için kınanın içine altın da koyarlar.

Kına yakma sırasında gelinin başına kırmızı örtü örterler ve gelini ağlatmak için ağıtlar veya hüzünlü türküler yakarlar.

Kına gecesinde konuklara kuru yemiş dağıtırlar. Kadınlar ve genç kızlar bir yandan kuru yemiş yer, bir yandan da oyunlara katılırlar.

Kına gecesi, evliliğe ilk adımdır. Bunun için gelinin arkadaşlarından ve ailesinden ayrılma gecesi gibidir; çünkü, gelin bir gün sonra yeni evine taşınacak ve yeni bir aile kuracaktır.

Bazı bölgelerde, kına gecesini yalnız düğünden önceki değil, sünnetten önceki gece de yaparlar. O zaman da sünnet çocuklarının eline kına yakarlar.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# خىنە كېچىسى

تويدىن بىر كېچە بۇرۇن، ئاياللار ئۆز ئارىسىدا كۆڭۈل ئېچىش ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ كۆڭۈل ئېچىش كېلىننىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. بۇ كېچە خىنە كېچىسى دېيىلىدۇ.

خىنە كېچىسىدە ياش قىزلار ۋە ئاياللار مۇزىكىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوينايدۇ ۋە بىرلىكتە خەلق ناخشىسى ئېيتىدۇ. بۇ كۆڭۈل ئېچىشنىڭ بىر بۆلۈمىدە بولسا كېلىنگە خىنە قويىدۇ. خىننى كېلىننىڭ ئالقىنى ئىچىگە قويۇپ يۆگەيدۇ. ئۆيىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن خىننىڭ ئىچىگە ئالتۇن سېلىپ قويىدۇ. (ئالتۇندىن ياسالغان تەڭگە، ئۈزۈك دېگەندەك نەرسىلەر) خىنە قويۇۋاتقان ۋاقىتتا كېلىننىڭ بېشىغا قىزىل ياغلىق ئارتىدۇ ۋە كېلىننى يىغلىتىش ئۈچۈن مەرسىيە ياكى ئازابلىق خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ.

خىنە كېچىسىدە مېھمانلارغا قۇرۇق يېمىش چاچىدۇ. ئاياللار ۋە ياش قىزلار بىر تەرەپتىن قۇرۇق يېمىش يېگەچ بىر تەرەپتىن ئويۇنلارغا قاتنىشىدۇ.

خىنە كېچىسى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر. شۇڭا كېلىننىڭ دوستلىرىدىن ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلىش كېچىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كېلىن بىر كۈندىن كېيىن يېڭى ئۆيگە يۆتكىلىدۇ ۋە يېڭى بىر ئائىلە قۇرىدۇ.

بەزى رايونلاردا، خىنە كېچىسىنى پەقەت تويدىن بۇرۇنلا ئەمەس، سۈننەت تويدىن ئاۋالقى كېچىسىمۇ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ چاغدا سۈننەت قىلىنماقچى بولغان باللارنىڭ قولىغا خىنە قويۇلىدۇ.

# Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Kuzey | شىمال |
| Kendi | ئۆزى ، ئۆز |
| Giysi | كىيىم |
| Deri | تېرە |
| Barışçı | تىنچلىقپەرۋەر |
| Neşeli | خوشال ، كەيپى چاغ |
| Misafirperver | مېھماندوست |
| Konuk | مېھمان ، قونۇپ قالغۇچى |
| Ağırlamak | كۈتۈۋالماق ، قارشى ئالماق |
| Hırsızlık | ئوغرىلىق |
| Topluluk | جەمئىيەت |
| Bağımsız | مۇستەقىل ، ھۆر ، ئەركىن |
| Özellikle | بولۇپمۇ |
| Taşra | مۇھىم شەھەرلەردىن باشقا بارلىق جايلار |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Egemen** | ئۇستۇنلۇك ، هۆكۈمرانلىق |
| **Saygı** | هۆرمەت |
| **Sürekli** | داۋاملىق ، هەمىشە |
| **Nedenle** | سەۋەب بىلەن |
| **Akıl dışı** | ئەقىل يەتمەيدىغان ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان |
| **Olay** | ۋەقە، هادىسە |
| **Büyü** | سېھىر، سېھىرگەرلىك |
| **Büyücü** | سېھىرگەر |
| **Moğol** | مۇڭغۇل |
| **Benzemek** | ئوخشىماق ، ئوخشاپ كەتمەك ، ئوخشاشماق |
| **Çoğunluğu** | كۆپىنچىسى |
| **Et** | گۆش |
| **Issız** | ئادەم ئايىغى تەگمىگەن ، قۇپقۇرۇق |
| **Tepe** | ئېگىزلىك ، دۆك ، تاغ |

| | |
|---|---|
| Soylu | نەسەپلىك ، ئابرويلۇق |
| Kına gecesi | خېنە قويۇش كېچىسى |
| Türkü | خەلق ناخشىسى ، ھەسرەتلىك ناخشىلار |
| Kına yakmak | خېنە قويماق |
| Avuç | ئالقان |
| Sarmak | ئورىماق ، يۆگىمەك ، تاڭماق |
| Örtü | ياغلىق ، ياپقۇچ |
| Örtmek | ياپماق ، يوشۇرماق ، ئارتماق |
| Ağlatmak | يىغلاتماق |
| Ağıt | مەرسىيە |
| Hüzünlü | ئازابلىق ، كۆڭلى يېرىم ، كۆڭۈلسىز |
| İlk adım | تۇنجى قەدەم ، دەسلەپكى قەدەم |
| Taşınmak | كۆچمەك ، يۆتكەلمەك |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Geniş zaman

Geniş zaman fiilin başlayıp devam ettiğini ve edeceğini gösterir. Geniş zamanda hiç bir sınırlama ve kesinlik yoktur. Geçmiş, şimdiki ve gelecek zamanları içine alan bir zamandır. Daha çok gelecek ve şimdiki zamanların yerine kullanılır. Ünlüyle biten fiil kök ya da gövdelerine ‹-r› sesi ulanarak yapılır.‹Ağlar, Dinler, Söyler› örneklerinde olduğu gibi.

Ünsüzle biten iki ve ikiden çok heceli fiil kök ya da gövdelerine ünlü uyumuna göre ‹-ı veya -i› sesi ilave edilir. Örneğin:

Bırakır, ağlatır, gönderir fiillerindeki ekler gibi.

Ünsüzle biten tek heceli fiil köklerinin bir çoğuna ünlü uyumuna göre ‹-er, -ar› ilave edilir.

Koşar Biçer

Korkar Ölçer

كەڭرى زامان

كەڭرى زامان ھەرىكەتنىڭ باشلىنىپ داۋاملاشقانلىقىنى ۋە داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭرى زاماندا ھېچقانداق بىر چەكلىمىلىك ۋە قەتئىيلىك يوق. ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زاماندۇر. كۆپرەك كېلىدىغان زامان ۋە ھازىرقى زاماننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىلنىڭ تومۇرىغا ياكى پېئىل ئۆزىكىگە ‹r -› تاۋۇشى ئۇلىنىدۇ. **Ağlar** يىغلايدۇ؛ **Dinler** ئاڭلايدۇ؛ **Söyler** سۆزلەيدۇ مىساللىرىدا كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش.

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى ياكى ئىككى بوغۇمدىن ئارتۇق پېئىل تومۇرى ياكى پېئىل ئۆزىكىگە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن -ı, -i تاۋۇشى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

**Bırakır** تاشلايدۇ **Ağlatır** يىغلىتىدۇ **Gönderir** ئەۋەتىدۇ مىساللىرىدا كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش.

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىل تومۇرىنىڭ كوپىنچىسىگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن - **ar** - ، **er** قوشۇلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| كېسىدۇ، پىچىدۇ | **Biçer** | يۈگۈرەيدۇ | **Koşar** |
| ئۆلچەيدۇ | **Ölçer** | قورقىدۇ | **Korkar** |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



Geniş zamanın çekimi ise şu şekildedir:
كەڭرى زامانىنىڭ شەخسلەر بويىچە تۈرلىنىپ كېلىشى:

| Olumlu biçimi | Olumsuz biçimi |
| --- | --- |
| Gelirim | Gelmem |
| Gelirsin | Gelmezsin |
| Gelir | Gelmez |
| Geliriz | Gelmeyiz |
| Gelirsiniz | Gelmezsiniz |
| Gelirler | Gelmezler |

| Olumlu soru biçimi | Olumsuz soru biçimi |
| --- | --- |
| Gelir miyim? | Gelmez miyim? |
| Gelir misin? | Gelmez misin? |
| Gelir mi? | Gelmez mi? |
| Gelir miyiz? | Gelmez miyiz? |
| Gelir misiniz? | Gelmez misiniz? |
| Gelirler mi? | Gelmezler mi? |

Geniş zamanın çekimi ise şu şekildedir:
كەڭرى زاماننىڭ شەخسلەر بويىچە تۈرلىنىپ كېلىشى:

| | بولۇشلۇق شەكلى | بولۇشسىز شەكلى |
|---|---|---|
| مەن | كېلىمەن(بارىمەن) | كەلمەيمەن(بارمايمەن) |
| سەن | كېلىسەن(بارىسەن) | كەلمەيسەن(بارمايسەن) |
| ئۇ | كېلىدۇ(بارىدۇ) | كەلمەيدۇ(بارمايدۇ) |
| بىز | كېلىمىز(بارىمىز) | كەلمەيمىز(بارمايمىز) |
| سىلەر | كېلىسىلەر(بارىسىلەر) | كەلمەيسىلەر(بارمايسىلەر) |
| ئۇلار | كېلىدۇ(بارىدۇ) | كەلمەيدۇ(بارمايدۇ) |

| | بولۇشلۇق سوئال شەكلى | بولۇشسىز سوئال |
|---|---|---|
| مەن | كېلەمدىمەن؟(بارامدىمەن؟) | كەلمەمدىمەن؟(بارمامدىمەن؟) |
| سەن | كېلەمسەن؟(بارامسەن؟) | كەلمەمسەن؟(بارمامسەن؟) |
| ئۇ | كېلەمدۇ؟(بارامدۇ؟) | كەلمەمدۇ؟(بارمامدۇ؟) |
| بىز | كېلەمدۇق؟(بارامدۇق؟) | كەلمەمدۇق؟(بارمامدۇق؟) |
| سىلەر | كېلەمسىلەر؟(بارامسىلەر؟) | كەلمەمسىلەر؟(بارمامسىلەر؟) |
| ئۇلار | كېلەمدۇ؟(بارامدۇ؟) | كەلمەمدۇ؟(بارمامدۇ؟) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



Geniş zamanın olumsuzu diğer zaman kiplerinin olumsuzuna göre çok farklıdır. Birinci tekil ve çoğul kişilerde olumsuzluk eki ‹-me› biçiminde, diğer kişilerde ise ‹-mez› biçimindedir.

كەڭرى زامانىنىڭ بولۇشسىز شەكلى باشقا زامان تۈرلىرىنىڭ بولۇشسىز شەكلىدىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكتە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى me، باشقا شەخستە بولسا mez ـ شەكلىدە كېلىدۇ.

Lütfen şimdi okuyacağımız cümlelerdeki geniş zaman eklerinin kullanımına dikkat ediniz.

تۆۋەندە ئوقۇماقچى بولغان جۈملىلەردىكى كەڭرى زامان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭ

Her gece yatmadan önce kitap okurum.
ھەرئاخشام يېتىشتىن بۇرۇن كىتاپ ئوقۇيمەن.

Bu makineyi kim tamir edebilir?
بۇ ماشىنىنى كىم رېمونت قىلالايدۇ؟

Her sabah saat altıda kalkarım.
ھەر ئەتىگەن ئالتىدە ئورنۇمدىن تۇرىمەن.

Romantik şiirler hoşuma gider.
رومانتىك شېئىرلارنى ياخشى كۆرىمەن.

Amcam çiftçilikle uğraşır.
تاغام دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

At ölür meydan kalır, yiğit ölür şan kalır.
ئات ئۆلۈر، مەيدان قالۇر، يىگىت ئۆلۈر، نامى قالۇر.

Bugün çok işim var; ama akşam toplantıya gelirim.
بۈگۈن ئىشىم بەك جىق، ئەمما كەچتە يىغىنغا بارىمەن.

Şu karşımızda oturan yeşil gömlekli adam çok güzel resimler yapar.
ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرغان يېشىل كۆڭلەكلىك ئادەم رەسىمنى بەك چىرايلىق سىزىدۇ.

Büyüklerin ellerinden, küçüklerin gözlerinden öperiz.
چوڭلارنىڭ قولىدىن، كىچىكلەرنىڭ كۆزىدىن سۆيىمىز.

Bu robot çok akıllı. Yemek pişirir, ütü yapar, dikiş diker; hatta futbol oynar.
بۇ ماشىنا ئادەم بەك ئەقىللىق، تاماق ئېتىدۇ، دەزمال سالىدۇ، كىيىم تىكىدۇ ھەتتا پۇتبول ئوينايدۇ.

Çok sıkıcı bir insandır, hiç bir şeyden hoşlanmaz.
ئۇ ناھايىتى زېرىكىشلىك ئادەم، ھېچقانداق نەرسىنى ياقتۇرمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



Faruk'un sözlerine güvenirim, asla yalan söylemez.
فەرۇخنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىمەن، پەقەت يالغان گەپ قىلمايدۇ.

Kardeşim hiç patlıcan yemeği yemez.
ئىنىم چەيزىدە قىلىنغان تاماقلارنى پەقەت يېمەيدۇ.

Buradan otobüs geçer mi?
بۇ يەردىن ئاپتوبۇس ئۆتەمدۇ؟(ئۆتەرمۇ؟)

2.Bağlama ve durum zarf filleri olan "-ıp,-ip" ve "-madan,-meden" ekleri

Bağlama zarf fiili "-ip, -madan" ekleriyle türetilir. Bu ekler genellikle iki cümleyi bir birine bağlar. Bu sebeple bağlaç zarf fiil ekleri olarak da bilinir. "-madan" eki fiilden şahısa ve zamana bağlı olmayan "-maksızın" anlamında olumsuz zarf filler türetir. Her türlü fiil kök ve gövdelerine gelebilir. Örneğin:

Gürültüye aldırmadan işiyle meşgul oluyordu.

Bu haberi okumadan benim söylediklerimi anlayamazsın.

Bilmeden konuşma.

2 . باغلىغۇچى ۋە ھالەت رەۋىشداشلىرىنىڭ قوشۇمچىسى بولغان ‹‐ madan, ‐ meden› ‹‐ ıp, ‐ ip› قوشۇمچىلىرى

باغلىغۇچى ‐ رەۋىشداشلىرى ‹‐ ip, ‐ madan› قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار ئومۇمەن ئىككى جۈملىنى بىر ‐ بىرىگە باغلايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن باغلىغۇچى رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ‹‐ madan› قوشۇمچىسى پېئىلدىن شەخسكە ۋە زامانغا باغلانمىغان ئۆزلۈكسىزلىك مەنىسىدىكى بولۇشسىز رەۋىشداشلىرىنى ياسايدۇ. ھەرخىل پېئىل يىلتىزى ۋە ئۆزىكىگە ئۇلىنىپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن:

ۋاراڭ ‐ چۇرۇڭغا پەرۋا قىلماستىن ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

بۇ خەۋەرنى ئوقۇماي تۇرۇپ مىنىڭ دىگەنلىرىمنى چۈشەنمەيسەن.

بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىمە.

www.uyghurkitap.com



"-ıp"lı zarf fiili bağlı bulunduğu esas fiildeki hareketten biraz önce gerçekleşmiş olan bir hareketi karşılar. "–ıp" ekinin getirildiği fiille onun bağlanmış olduğu fiilin öznesi ve zamanı çoğu zaman aynıdır. Örnek verecek olursak:

Suyu avuçlarına döküp oradan içiyorlardı.

«ıp –» لىق رەۋىشداش باغلىنىپ كەلگەن باش پېئىلدىكى ھەرىكەتتىن بىرئاز بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان بىر ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. «ıp» قوشۇمچىسى ئۇلانغان پېئىل بىلەن ئۇ باغلىنىپ كەلگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى ۋە ۋاقتى كۆپىنچە ئوخشاش. ئۈلگە بەرسەك:

سۇنى ئالقانلىرىغا تۆكۈپ ئىچۋاتقان ئىدى.

"–ıp" eki zaman zaman "ve" bağlacının yerini tutar.

Telefon edip hâlini hatırını sordum.

Telefon ettim ve hâlini hatırını sordum.

«ıp-» قوشۇمچىسى بەزى ۋاقىتتا «ۋە» باغلىغۇچىسىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

تېلېفون قىلىپ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدىم.

تېلېفون قىلدىم ۋە ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدىم.

# insanlar ve yerler

# ئىنسانلار ۋە يەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Zorla Güzellik Olmaz

Her gün dünyanın birçok yerinde bombalar patlıyor, insanlar ölüyor veya yaralanıyor. Birçok çocuk daha küçücük yaşta savaşı yaşıyor. Bu çocuklardan bir bölümü ölüyor, diğer bölümü de sakat veya psikolojik yönden problemli insanlar oluyor.

İnsanlar niçin durmadan haklı veya haksız yere savaşıyorlar? Anlamak mümkün değil. Dostluk içinde, barış içinde yaşamayı niçin istemiyorlar? Kardeş olmak o kadar zor mu?

Atalarımız " zorla güzellik olmaz" demişler. Biz de atalarımızı dinleyelim. Kardeşlikte, güzellikte, iyilikte yarışalım. İnsanlık için hep birlikte bir şeyler yapalım.

Akıllı olalım ve bencilliği bırakalım.

ھەركۈنى دۇنيانىڭ نۇرغۇن يېرىدە بومبىلار پارتىلايدۇ، ئادەملەر ئۆلىدۇ ياكى يارىلىنىدۇ. نۇرغۇن بالا تېخى كىچىككىنە تۇرۇپ ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ كېتىدۇ، يەنە بىر قىسمى مېيىپ ياكى پسىخىكىسىدا مەسىلە بار ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

ئىنسانلار نېمىشقا توختىماستىن ھەقلىق ۋە ھەقسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ؟ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. دوستلۇق ئىچىدە، تېنچلىق ئىچىدە ياشاشنى نېمىشقا خالىمايدۇ؟ قېرىنداش بولۇش شۇنچىلىك تەسمۇ؟ ئەجدادلىرىمىز «زورلۇق بىلەن گۈزەللىككە ئېرىشكىلى بولماس» دەپتىكەن.

بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى. قېرىنداشلىقتا، گۈزەللىكتە، ياخشىلىقتا رىقابەتلىشەيلى. ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرايلى. ئەقىللىق بولايلى ۋە شەخسىيەتچىلىكنى تاشلايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## Konuşma

Feyza: Alo, Ece, izledin mi programı?

Ece:İzledim,izledim.Ay...Tarkan ne kadar değişmiş tanıyamadım. Saçları, elbiseleri...sanki başka biri gibi olmuş. Özledim dedi ya sanki bayılacak gibi oldum.

Feyza: Kimi özlemiş?

Ece: Aman canım, sunucu "Amerika'da neler yaptınız?" diye sordu. Tarkan ‹yeni kaset için çalıştım; ama izleyicilerimi ve konserlerdeki heyecanı özledim› diye cevap verdi ya. O özledim dedi ben de hayran hayran izledim.

Feyza: Aman sen de Tarkan ne yapsa hayran olursun. Onu bırak da Hülya Avşar'ı izledin mi? Ne kadar güzel olmuş öyle. Her yıl daha da gençleşiyor. Doğum günü varmış. ‹kaç yaşındasınız?› diye sordular, ‹kaç yaşında gösteriyorum?› deyip cevap vermedi.

Ece: Bilmem. Onu izlememişim.

Feyza: Tarkan'dan sonra dikkat etmemişsindir.

Ece: Belki; ama İbrahim Tatlıses'i izledim. Urfa'ya okul yaptıracakmış.

Feyza: O da ne çok iş yapıyor. Kaset, otel, otobüs işletmeciliği, şimdi de okul mu?

Ece: Aman! Sen de bir hoşsun. Ne ilgisi var? Okulu para kazanmak için değil Urfa'ya bir katkım olsun diye yaptırıyor.

Feyza: Tamam, tamam. Anladım. Bu akşam Cem Yılmaz'ın filmi var, unutma. Filmden sonra yine arayacağım. Annem "kapat şu telefonu" diye bağırmadan kapatalım. Haydi hoşça kal.

Ece: Hoşça kal, görüşürüz!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## دىئالوگ

فەيزا: ۋەي ئەجە، پروگراممىنى كۆردۈڭمۇ؟

ئەجە: كۆردۈم، كۆردۈم..ھەي...تاركان ھەجەپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ھە تونۇيالماي قالدىم. چاچلىرى، كىيىملىرى...خۇددى باشقا ئادەمدەكلا. سېغىندىم دېگەن ئىدى تاس قالدىم ھوشۇمدىن كەتكىلى.

فەيزا: كىمنى سېغىنىپتۇ؟

ئەجە: ۋاي ۋۇي جېنىم، رىياسەتچى ‹ئامېرىكىدا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟› دەپ سورىدى. تاركان: ‹يېڭى لىنتا ئۈچۈن ئىشلىدىم، ئەمما تاماشىبىنلىرىمنى ۋە كونسېرتتىكى جۇشقۇنلۇقنى سېغىندىم› دەپ جاۋاپ بەردىغۇ. ئۇ سېغىندىم دېدى، مەن قىزىقىش ئىچىدە كۆردۈم.

فەيزا: يائاللا، سېنىزە، تاركان نېمە ئىش قىلسا شۇنىڭغا قىزىقىسەن. ئۇنى قويۇپ تۇرە، ھۇليا ئاۋشارنى كۆردۈڭمۇ؟ نە قەدەر چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ھە، يىلدىن يىلغا ياشىرىپ كېتىۋاتىدۇ. تۇغۇلغان كۈنىگە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ‹قانچىگە كىردىڭىز؟› دەپ سورىدى. ‹قانچە ياشتا كۆرۈندىكەنمەن؟› دەپ جاۋاپ بەرمىدى.

ئەجە: تاڭ جۇمۇ. ئۇنى كۆرمەپتىمەن.

فەيزا: تاركاننىڭكىدىن كېيىن دىققەت قىلمىغان ئوخشايسەن.

ئەجە: بەلكىم. ئەمما ئىبراھىم تاتلىسەسنىڭكىنى كۆردۈم. ئۇرفاغا مەكتەپ سالدۇرىدىكەن.

فەيزا: ئۇمۇ ھەجەپ جىق ئىش قىلىپ كەتتى. پىلاستىنكا، مېھمانخانا، ئاممىۋى قاتناش تىجارىتى، ئەمدى نۆۋەت مەكتەپكە كەپتىما؟

ئەجە: ۋاي ـ ۋۇي، سەنمۇ غەلىتىكەنسەن. نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مەكتەپنى پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس ئۇرفاغا قوشقان تۆھپەم بولۇپ قالسۇن دەپ سالغۇزىدىكەن.

فەيزا: ماقۇل، ماقۇل، بىلدىم. بۈگۈن كەچتە جەم يىلمازنىڭ فىلمى بار. ئۇنتۇپ قالما. فىلىم تۈگىگەندىن كېيىن ساڭا تېلېفۇن قىلىمەن. ئاپام تېلېفۇننى قويۇۋەت دەپ ۋاقىرىغۇچە قويۇۋېتەيلى. ئەمىسە ئامان بول.

ئەجە: ئامان بول، يەنە كۆرۈشەرمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Patlamak | پارتلىماق، يېرىلماق، ئېتىلماق |
| Yaralanmak | يارىلانماق |
| Savaş | ئۇرۇش، جەڭ |
| Sakat | مېيىپ، ياردار، چولاق |
| Psikolojik | پسىخولوگىيەلىك |
| Problem | مەسىلە، سوئال |
| Durmadan | توختىماستىن، ئۈزلۈكسىز |
| Savaşmak | ئۇرۇشماق، جەڭ قىلماق، كۈرەش قىلماق |
| Anlamak | چۈشەنمەك، بىلمەك |
| Barış | تىنچلىق |
| Yarışmak | مۇسابىقىلەشمەك، رىقابەتلەشمەك |
| Bencillik | شەخسىيەتچىلىك |
| Değişmek | ئۆزگەرمەك، ئالماشماق، تېگىشمەك |
| Elbise | كىيىم، كىيىم ـ كېچەك |
| Sanki | خۇددى |

## Yeni Kelimeler

## يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Özlemek | سېغىنماق ، كۆرگۈسى كەلمەك |
| Bayılmak | هوشىدىن كەتمەك ، ناھايىتى ياقتۇرماق |
| Sunucu | رىياسەتچى |
| Kaset | پىلاستىنكا، لېنتا |
| İzleyici | تاماشىبىن ، كۆرۈرمەن |
| Konser | كونسېرت ، سەنئەت كېچىلىكى |
| Gençleşmek | ياشىرىپ كەتمەك |
| Otel | مېهمانخانا |
| İşletmecilik | باشقۇرۇش كەسپى |
| Hoş | چىرايلىق ، يېقىملىق ، لەززەتلىك ، غەلىتە |
| Para kazanmak | پۇل تاپماق |
| Katkı | تۆھپە |
| Kapatmak | تاقىماق ، ئەتمەك ، ياپماق |
| Bağırmak | ۋارقىرىماق |
| Baston | هاسا |

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## Yeni Kelimeler　　يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Ceket** | چاپان |
| **Tonton** | خۇشخۇي ، سۆيۈملۈك ، يېقىملىق |
| **Anlayışlı** | ئەقىللىق ، پاراسەتلىق ، سەۋرچان |
| **Kiralık ev** | ئىجارە ئۆي |
| **Domates** | پەمىدۇر |
| **Dolmalık biber** | قاپاق لازا |
| **Kahvaltılık** | ناشتىلىق |

1. ‹ +lı, +sız, +lık › Sıfat ekleri

‹ +lı› sıfat eki isimlere getirilen ‹+lı,+li,+lu,+lü › ekleriyle yapılır ve geldiği ismi sıfat yapar; ancak ekin geldiği ismin sıfat olabilmesi için kelimeden sonra bir ismin gelmesi gerekir. Örneğin:

Sütlü kahve  Yaşlı adam  Acılı kebap
Tatlı su  Hayırlı evlat

Bu örneklerde görüldüğü gibi ‹ +lı ,+li › ekleri eklendiği ismi sıfat yapmaktadır.

‹ +lı, +sız, +lık › سۈپەت قوشۇمچىلىرى

‹ +lı › سۈپەت قوشۇمچىسى ئىسىملارغا ‹ +lı, +li,+lu, +lü › قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ ۋە ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىمنى سۈپەت قىلىدۇ. ئەمما قوشۇمچە ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىمنىڭ سۈپەت ۋەزىپىسىدە كېلىشى ئۈچۈن سۆزدىن كېيىن بىر ئىسىم كېلىشى شەرت.

مەسىلەن:

سۈتلۈك قەھۋە؛ ياشانغان ئادەم؛ ئاچچىق كاۋاپ؛ تاتلىق سۇ؛ ۋاپادار ئەۋلاد

بۇ مىساللاردا كۆرگىنىمىزدەك ‹ +lı , +li › قوشۇمچىلىرى، ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىمنى سۈپەت ۋەزىپىسىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

Şimdi okuyacağımız konuşma metnindeki sıfat eklerine dikkat edelim.

–Uzun minareli caminin önünde yürüyen yaşlı adamı tanıyor musun?

-Ak saçlı ve bastonlu adam mı?

-Evet; ama ceketli adam.

-Ak saçlı, ceketli ve bastonlu adam benim dedem.

-Çok tonton birine benziyor. Deden nasıl biridir?

-İyi kalpli ve çok anlayışlı bir insandır.

تۆۋەندە ئوقۇماقچى بولغان دىئالوگدىكى سۈپەت قوشۇمچىسىغا دىققەت قىلايلى!!

-ئېگىز مۇنارلىق مەسچىتنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ياشانغان ئادەمنى تونۇمسەن؟

–ئاق چاچلىق، ھاسىغا تايانغان ئادەممۇ؟

–ھەئە، ئەمما چاپانلىق ئادەم.

–ئاق چاچلىق، چاپانلىق ھەم ھاسىغا تايانغان ئادەم مېنىڭ چوڭ دادام.

–ناھايىتى يېقىملىق ئادەمدەك قىلىدۇ. چوڭ داداڭ قانداقراق ئادەم؟

–ئاق كۆڭۈل ھەم ئەقىللىق ئادەم.

"+sız" sıfat eki isimlere getirilen "+sız,+siz,+suz,+süz › ekleriyle yapılır ve geldiği ismi sıfat yapar.

–Çay içer misin?

–Şekersiz bir çay iyi olur.

-Yüzün solgun, hasta mısın?

-Evet. Doktora gittim, ilaçsız tedaviyi önerdi.

‹+sız›سۈپەت قوشۇمچىسى ئىسىملارغا <+sız,+siz,+suz,+süz> قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ياسىلىدۇ ۋە شۇ ئىسىمنى سۈپەت قىلىدۇ.

–چاي ئىچەمسەن؟

–شېكەرسىز چاي بولسا مەيلى.

–چىرايىڭ سۇلغۇن كۆرۈنىدۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

–ھەئە، دوختۇرخانىغا باردىم. دورىسىز داۋالاش تەكلىپى بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



‹ +lık› sıfat eki isimlere getirilen‹ +lık,+lik,+luk,+lük› ekleriyle yapılır ve geldiği ismi sıfat yapar.

-Eviniz kendinize mi ait?
-Hayır, kiralık evde oturuyoruz.

-Marketten neler alacaksın?
-Günlük sütle kahvaltılık bir şeyler alacağım, bir de dolmalık biber; ayrıca salçalık domates ve mevsimlik meyveler de alacağım.

‹+lık› سۈپەت قوشۇمچىسى ئىسىملارغا ‹+lık,+lik,+luk,+lük› قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ ۋە شۇ ئىسىمنى سۈپەت قىلىدۇ.

-ئۆيىڭىز سىزگە تەۋەمۇ؟
-ياق، ئىجارە ئالغان ئۆيدە ئولتۇرىمىز.

-تاللا بازىرىدىن نېمىلەرنى ئالىسەن؟
-بۈگۈنلۈك سۈت بىلەن ناشتىلىق نەرسە ـ كېرەك ئالىمەن. يەنە قاپاق لازا، ئۇنىڭدىن باشقا قىياملىق پەمىدۇر ۋە پەسىللىك مېۋىلەردىنمۇ ئالىمەن.

2. Zaman zarf fiil eklerinden biri olan ‹-ken› eki

‹ -ken › zarf fiil eki eklendiği kelimeye zaman ve durum anlamı katar ve kelime durum ve zaman zarfı görevi yapar.

Tam dışarı çıkacakken misafir geldi çıkamadım.

Evde ders çalışırken misafir geldi.

Arkadaşımı beklerken yeni aldığım kitabı okumaya başladım.

İstanbul'a gelmişken Sultan Ahmet'e de gidelim.

2. ۋاقىت رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدىن ‹-ken› قوشۇمچىسى

‹-ken› رەۋىشداش قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزگە ۋاقىت ۋە ھالەت مەنىسىنى قوشىدۇ، ۋە بۇ سۆز ھالەت ۋە ۋاقىت رەۋىشى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

نەق سىرتقا چىقاي دەپ تۇرغاندا مېھمان كېلىپ قالدى، چىقالمىدىم.

ئۆيدە دەرس ئۆگىنىۋاتقان ۋاقىتتا مېھمان كەلدى.

دوستۇمنى ساقلىغاچ يېڭى ئالغان كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئىستانبۇلغا كەلگەندىكەن سۇلتان ئەھمەد مەسچىتىگىمۇ بارايلى.

www.uyghurkitap.com

# Pamuk

Şimdi iki arkadaş arasındaki konuşmayı <-ken> zarf fiil eklerine dikkat ederek dinleyiniz.

تۆۋەندە ئىككى دوست ئارىسىدىكى دىئالوگنى‹-ken› رەۋىشداش قوشۇمچىسىغا دىققەت قىلغاچ ئاڭلاڭ.

Ceyda: Bak. Okuldan gelirken yolda ne buldum?

Yasemin: Bu da ne? Çok şirin, küçük bir kedi.

Ceyda: Evet, adı da Pamuk. Tüylerine dokun istersen, çok yumuşak.

Yasemin: Çok anlamlı olmuş adı. Bununla oynarken vakit ne çabuk geçer.

Ceyda: Evet, o da artık bizim ev arkadaşımız oldu.

Yasemin: Sen yeni ev arkadaşımızla oynarken ben de ona yiyecek bir şeyler hazırlayayım. Biz yemek yerken o aç mı kalsın?

Ceyda: Buna sevinecek. Biz ne yiyeceğiz?

Yasemin: Akşam televizyon izlerken canım börek istiyor demiştin. Ben de yaptım.

Ceyda: Çok sevindim. Teşekkür ederim. Sen masayı hazırlarken ben de içecek bir şeyler bakayım.

Yasemin: Tamam.

Ceyda: İşte burada gazoz var. Yemek yedikten sonra Pamuğu yıkayalım mı?

Yasemin: Tamam; ama eski havlulara bakmak lazım. Yıkarken lazım olacak.

Ceyda: Birazdan bir şeyler ayarlarız.

Yasemin: Pamuk biz okuldayken evde tek başına ne yapacak peki? Onu düşündün mü?

Ceyda: Arkadaşlarla yürürken de onu konuştuk. Bir kafes alırız, biz okuldayken o da kafesinde durur.

Yasemin: Tamam o zaman. Pamuk gel bakalım. Yemek zamanı.

# پامۇك

جەيدا: قارا، مەكتەپتىن كەلگىچە يولدىن نېمە تېپىۋالدىم؟

ياسىمەن: نېمە بۇ؟ نېمە دېگەن ئوماق، كىچىك مۈشۈك.

جەيدا: ھەئە، ئىسمى پامۇك(پاختا). يۇڭلىرىنى تۇتۇپ باقە. بەك يۇمشاق.

ياسىمەن: ئىسمى بەك مەنىلىك بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئويناپ ئولتۇرساق ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتىدۇ.

جەيدا: ھەئە. ئۇمۇ ئەمدى بىزنىڭ ياتاقدىشىمىز بولدى.

ياسىمەن: سەن يېڭى دوستۇڭ بىلەن ئوينىغاچ تۇر، مەن چىقىپ ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسە تەييارلاي. بىز تاماق يىسەك ئۇ ئاچ قالمىسۇن يەنە.

جەيدا: بۇنىڭغا خوش بولىدۇ. بىز نېمە يەيمىز؟

ياسىمەن: ئاخشام تېلېۋىزور كۆرەۋاتقان چاغدا قاتلىما نان يېگۈم كەلدى دېگەن ئىدىڭ. شۇنى ئەتتىم.

جەيدا: بەك سۆيۈندۈم. رەھمەت. سەن ئۇستەلنى راسلىغۇچە مەن ئىچىملىكلەرگە قاراپ باقاي.

ياسىمەن: ماقۇل.

جەيدا: بۇ يەردە گاز سۈيى باركەن. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن پامۇكنى يۇيايلىمۇ؟

ياسىمەن: ماقۇل ئەمما كونا لۆڭگىلەرگە قاراپ بېقىشىمىز كېرەك. يۇغاندا لازىم بولىدۇ.

جەيدا: ھېلىغىچە بىرەر نەرسە تەييارلايلى.

ياسىمەن: پامۇك بىز مەكتەپتىكى ۋاقىتتا ئۆزى يالغۇز قانداق قىلىدۇ ئەمىسە؟ بۇنى ئويلاشتىڭمۇ؟

جەيدا: دوستلار بىلەن كەلگۈچە بۇ ھەقتە پاراڭلاشتۇق. بىر قەپەس ئالىمىز. بىز مەكتەپتىكى ۋاقىتلاردا ئۇ قەپەسدە تۇرىدۇ.

ياسىمەن: ئۇنداق بولسا بوپتۇ. پامۇك بىرى كېلە. تاماق ۋاقتى بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# Sağlıklı Yaşam

# ساغلام هايات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## Kim nasıl besleniyor?

Merhaba! Ben Mine. Çok yoğun bir iş ortamında çalışıyorum. Sabah iyi bir kahvaltı yapmadan evden çıkmıyorum. Öğlene kadar sadece bol su ve bitki çayı içiyorum. Öğlen genellikle kebap, döner gibi yiyecekler yiyorum. Saat dört ve beş arası işimiz biraz hafifliyor. Bazen arkadaşlarla çay içip kurabiye yiyoruz. Saat yedide işten çıkıyorum. Akşam sebze ve salata gibi yemekler yemeye dikkat ediyorum; çünkü aynı kiloda kalmak istiyorum. Gece bir fincan bitki çayı içip uyuyorum.

## كىم قانداق ئوزۇقلىنىدۇ؟

مەرھابا! مېنىڭ ئىسمىم مىنە. ناھايىتى جىددى بىر خىزمەت مۇھىتىدا ئىشلەيمەن. ئەتىگىنى ياخشى ناشتا قىلماي تۇرۇپ ئۆيدىن چىقمايمەن. چۈشكىچە پەقەت سۇ ۋە ئۆسۈملۈك چېيىنى جىق ئىچىمەن. چۈشتە ئاساسەن كاۋاپ، دۆنەردەك يېمەكلىكلەرنى يەيمەن. سائەت 4~5 ئەتراپىدا ئىشىمىز بىرئاز ئازىيىدۇ. بەزىدە خىزمەتداشلار بىلەن چاي ئىچكەچ پېچىنە يەيمىز. سائەت يەتتىدە ئىشتىن چۈشىمەن. ئاخشاملىرى كۆكتات ۋە سالاتتەك نەرسىلەرنى يېيىشكە ئەھمىيەت بېرىمەن. چۈنكى ئېغىرلىقىمنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى خالىمايمەن. كەچتە بىر پىيالە چاي ئىچىپ ئۇخلايمەن.

## Kim nasıl besleniyor?

Ben Emre. Öğrenciyim. Ailemden uzakta yaşıyorum. Bu nedenle çok iyi besleniyorum diyemem. Sabahları bir şeyler atıştırıp öğlen genellikle hamburger, pizza, sandıviç gibi yiyecekler yiyorum. Okulda genelde soda içiyorum. Akşama kadar hiç bir şey yemiyorum. Akşam arkadaşlarla genellikle makarna, yumurta gibi yemekler yiyoruz. Bazen dışarıdan yemek siparişi veriyoruz ya da makarnayla idare ediyoruz. Genelde çok sağlam beslenmiyorum; ama akşam yemeklerinden sonra mutlaka meyve yiyorum; çünkü meyve yemek benim çocukluğumdan beri alışkanlığım.

## كىم قانداق ئوزۇقلىنىدۇ؟

مېنىڭ ئىسمىم ئەمرە، مەن بىر ئوقۇغۇچى. ئائىلەمدىن يىراق يەردە تۇرىمەن. شۇ سەۋەبتىن ئوزۇقلىنىشىم ياخشى دېيەلمەيمەن. ئەتىگەنلىرى ئۇششاق ـ چۈششەكلەردىن يەپ قويۇپ چۈشتە ئاساسەن ھامبۇرگ توقچى، پىسا، ساندىۋىچ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يەيمەن. مەكتەپتە ئادەتتە سودا سۈيى ئىچىمەن. ئاخشامغىچە ھېچ قانداق نەرسە يېمەيمەن. كەچلىكى دوستلار بىلەن ئومۇمەن تەييار چۆپ، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى يەيمىز. بەزىدە سىرتتىن تاماق بۇيرۇتىمىز. ياكى تەييار چۆپ بىلەن بولدى قىلىمىز. ئادەتتە ساغلام ئوزۇقلىنالمايمەن ئەمما كەچلىك تاماقتىن كېيىن چوقۇم مېۋە يەيمەن. چۈنكى مېۋە يېيىش مېنىڭ بالىلىق ۋاقتىمدىن بېرى يېتىلدۇرگەن ئادىتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## Kim nasıl besleniyor?

Selam! Ben Semih. Çocukluğumdan bu yaşıma kadar bu sahil kasabasında yaşadım. Balıkçılık benim babadan kalma mesleğim. Haftanın üç dört günü balık yiyorum. Tabii balığın yanında bol salata oluyor. Bazı akşamlar balığın yanında bir iki kadeh şarap içiyorum. Zeytinyağı bizim en önemli besinimiz. Kahvaltıda bile zeytinyağı yiyoruz. Yetmiş beş yaşındayım; ama hâlâ hafızam çok güçlü. Bunu çok balık ve sebze yemeye borçluyum. Tek kötü alışkanlığım var. Tatlıyı çok seviyorum. Hafta sonları yemekten sonra mutlaka bir kaç dilim baklava yiyorum.

## كىم قانداق ئوزۇقلىنىدۇ؟

سالام! مېنىڭ ئىسمىم سىمىھ. بالىلىقىمدىن بۇ يېشىمغىچە بۇ ساھىل بازىرىدا ياشىدىم. بېلىقچىلىق مېنىڭ دادامدىن قالغان كەسپىم. ھەپتىدە ئۈچ تۆت كۈن بېلىق يەيمەن. ئەلۋەتتە بېلىقنىڭ يېنىدا مول سالاتمۇ بار. بەزى ئاخشاملىرى بېلىق بىلەن تەڭ بىر ئىككى رومكا ھاراق ئىچىپ قويىمەن. زەيتۇن مېيى بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئوزۇقلۇقىمىز. ناشتىلىقتىمۇ زەيتۇن مېيى يەيمىز. 75 كە كىردىم، ئەمما ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىم شۇنداق كۈچلۈك. بۇنىڭ ھەممىسى بېلىق ۋە كۆكتاتنى كۆپ يېگەنلىكىمدىن بولدى دەپ قارايمەن. بىرلا يامان ئادىتىم بار. تاتلىق نەرسىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ھەپتە ئاخىرى تاماقتىن كېيىن چوقۇم بىر نەچچە پارچە باققالى يەيمەن.

## Konuşma

Canan: Hoş geldin Selim
.
Selim: Hoş bulduk hanım.

Canan: Günün nasıl geçti?

Selim: Yorucu bir gündü benim için. Bankaya da gitmem gerekiyordu; fakat toplantıdan geç çıktığım için gidemedim. Yarın faturanın son günü, keşke dün gitseydim de yatırsaydım.

Canan: Atalarımız boşuna dememiş son pişmanlık neye yarar. Yarın işe gitmeden önce bankaya gitmelisin.

Selim: Canancığım, bugün yemekte ne var? Çok acıktım.

Canan: Tahmin et bakalım.

Selim: İçli köfte mi yoksa?

Canan: Hayır. İçli köfteyi hafta sonu yapabilirim. Hafta içi onu yapamam.

Selim: İmam bayıldı mı?

Canan: Bilemedin. Söyleyeyim mi? Bugün yemekte balık var.

www.nurkitap.com

Selim: Balık mı? Canan, balık pişirmen şart mıydı? Hem de çok aç olduğum bir zamanda. Biliyorsun, balık yerken çok korkuyorum.

Canan: Ama selim, sağlıklı yaşam için balık yememiz şart. Uzmanlar haftada iki gün balık yememiz gerektiğini söylüyor. Kalp sağlığımız için bizim de haftada en az iki gün balık yememiz gerek.

Selim: Haklısın. Ben de biliyorum. Yemek de istiyorum; ama her balık gördüğümde aklıma geçen yıl geliyor. Malum olaydan sonra o lokantanın önünden bile geçmiyorum. Sağlıklı yaşam derken hayatımızdan oluyorduk. İnsan hayatı bu kadar ucuz olmamalı.

Canan: Selim; ama sen de suçlusun. Garson, balık bayat olabilir demişti. Korkmana gerek yok, balıkları ben aldım, ben pişirdim. Balıkların taze olduğunu da biliyorum. İçin rahat olsun, korkmadan yiyebilirsin. Hem haftada en az iki defa balık yememiz gerektiğine kendini alıştır lütfen.

Selim: Tamam hanım tamam. Senin için pişmiş balık değil çiğ balık bile yerim.

Canan: Şakanın sırası değil. Haydi hemen soframızı hazırlayalım. Yemeğimizi erkenden yiyelim; çünkü yemekten sonra markete gidip alışveriş yapmalıyız.

# دىئالوگ

جانان: خوش كەلدىڭ سەلىم.

سەلىم: خوش بولدۇم خانىم.

جانان: بۈگۈنكى كۈنۈڭ قانداق ئۆتتى؟

سەلىم: ئالدىراش بىر كۈن بولدى مەن ئۈچۈن. بانكىغا بېرىشىم لازىمتى، لېكىن يىغىندىن كېيىنراق چىققانلىقىم ئۈچۈن بارالمىدىم. ئەتە پۇل تۆلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى كۈن. كاشكى تۈنۈگۈن بېرىپ تۆلىۋەتسەمچۇ؟

جانان: ئەجدادلىرىمىز بىكاردىن بىكار «ئاخىرقى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن» دېمىگەن. ئەتە ئىشقا بېرىشتىن بۇرۇن بانكىغا بېرىشىڭ كېرەككەن.

سەلىم: جېنىم جانان، بۈگۈن نېمە تاماق ئەتتىڭ؟ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

جانان: بىر پەرەز قىلىپ باققىنە قېنى.

سەلىم: ئىچلىك گۆش كۆمىلىچىمۇ ياكى؟

جانان: ياق، ئىچلىك گۆش كۆمىلىچنى ھەپتە ئاخىرى قىلالايمەن. ھەپتە ئىچى ئۇنى قىلالمايمەن.

سەلىم: «ئىمام بايىلدى» تامىقىمۇ؟

جانان: بىلەلمىدىڭ. دەيمۇ؟ بۈگۈنكى تاماقتا بېلىق بار.

سەلىم: بېلىقمۇ؟ جانان، بېلىق پىشۇرۇشۇڭ شەرتمىدى؟ ھەم قورسىقىم شۇنداق ئاچقان مۇشۇنداق پەيتتە. بىلىسەن، بېلىق يېيىشتىن قورقىمەن.

جانان: ئەمما سەلىم، ساغلام ھايات ئۈچۈن بېلىق يېيىشىمىز شەرت. مۇتەخەسسىسلەر ھەپتىدە ئىككى كۈن بېلىق يېيىشىمىز كېرەك دەيدۇ. يۈرەك ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن بىزمۇ ھەپتىدە ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى كۈن بېلىق يېيىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەلىم: توغرا دەيسەن. مەنمۇ بىلىمەن. يېيىشنىمۇ خالايمەن. ئەمما ھەر قېتىم بىلىقنى كۆرگەن ۋاقتىمدا كاللامغا ئۆتكەنكى يىل كېلىدۇ. شۇ قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن ئۇ ئاشخانىنىڭ ئالدىدىنمۇ ئۆتمەيمەن. ساغلام ھايات دەپ تاس قالدۇق ھاياتىمىزدىن ئايرىلغىلى. ئىنسان ھاياتى ئۇنداق ئەرزان بولماسلىقى كېرەك.

جانان: سەلىم، ئەمما سەندىمۇ گۇناھ بار. كۆتكۈچى بىلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئىدى. قورقۇشۇڭ بىھاجەت. بىلىقلارنى مەن ئالدىم. مەن پىشۇردۇم. بىلىقلارنىڭ يېڭى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. خاتىرجەم بول. قورقماي يېسەڭ بولىدۇ. ھەم ھەپتىدە ئىككى قېتىم بىلىق يېيىشىمىز لازىملىقىغا ئۆزەڭنى كۆندۈر.

سەلىم: ماقۇل خانىم ماقۇل. سېنىڭ ئۈچۈن پىشقان بىلىق ئەمەس خام بىلىقنىمۇ يەيمەن.

جانان: چاخچاقنىڭ پەيتى ئەمەس. ئەمسە دەرھال داستىخىنىمىزنى تەييارلايلى. تامقىمىزنى بالدۇرراق يەيلى. چۈنكى تاماقتىن كېيىن تاللا بازىرىغا بېرىپ لازىمەتلىك نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىمىز.

## Yeni Kelimeler | يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Beslenmek | ئوزۇقلانماق |
| Yoğun | جىددىي ، ئالدىراش |
| Ortam | مۇھىت |
| Kahvaltı | ناشتا |
| Öğlen | چۈش ، چۈشتە |
| Sadece | پەقەت |
| Bol | مول ، جىق ، كۆپ |
| Bitki | ئۆسۈملۈك |
| Yiyecek | يېمەكلىك |
| Hafiflemek | يەڭگىللىمەك |
| Kurabiye | پىچىنە |
| Sebze | كۆكتات |
| Fincan | پىيالە |
| Atıştırmak | تېز بىر نەرسە يېمەك ، ئېغىز گوللاش |
| Makarna | تەييار چۆپ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى كۇتۇپخانىسى
www.uyghurkitap.com

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Sipariş vermek | بۇيرۇتماق |
| Alışkanlık | ئادەت ، كۆنگەن خۇي |
| Kasaba | ناھىيە، بازار |
| Meslek | كەسىپ |
| Önemli | مۇھىم |
| Besin | ئوزۇقلۇق ، ئوزۇق |
| Hafıza | ئەستە قالدۇرۇش كۈچى |
| Borçlu | قەرزدار |
| Yorucu | هارغۇزىدىغان ، چارچىتىدىغان |
| Toplantı | يىغىن |
| Fatura | تالون ، ھېسابات تالونى ، پۇل تۆلەش تالونى |
| Yatırmak | بانكىغا پۇل قويماق ، تالون پۇلى تۆلمەك |
| Boşuna | بىكادىن بىكارغا |
| Pişmanlık | پۇشايمانلىق |
| Acıkmak | قورسىقى ئاچماق |

## Yeni Kelimeler    يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Tahmin etmek** | پەرەز قىلماق |
| **Köfte** | گۆش كۇمۇلىچى ، ۋەنزى |
| **Uzman** | مۇتەخەسسىس ، مەلۇم بىر ئىشنىڭ پىشۋاسى |
| **Kalp sağlığı** | يۈرەك ساغلاملىقى |
| **Lokanta** | ئاشخانا |
| **Suçlu** | گۇناھكار |
| **Taze** | تازا ، ساپ ، يېڭى |
| **Alıştırmak** | ئادەتلەندۈرمەك ، كۆندۈرمەك |
| **Çiğ** | خام |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 1.Gereklilik kipi

Türkçede gereklilik kipi bir oluşun, bir kılışın veya tasarlanan bir fiilin yapılması gereğini bildiren bir kiptir. Fiil kök ya da gövdelerine <-malı,-meli> ekinin getirilmesiyle yapılır. Örneğin:

Onunla hemen konuşmalıyım.

Bu işi yarına bırakmamalıyız.

Okul servisine binerken koşmamalı ayrıca caddenin öteki tarafına geçerken de dikkatli olmalıyız.

## زۆرۈرىيەت رايى

تۈركچىدە زۆرۈرىيەت رايى بىرشەكىللىنىشىنىڭ ، بىر ئىشنىڭ ياكى پىلانلانغان بىر ھەرىكەتنىڭ قىلىنىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدىغان رايدۇر. ھەرىكەت سۆز تومۇرىغا ياكى سۆز ئۆزىكىگە ‹malı,meli› قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ بىلەن دەرھال سۆزلىشىشىم كېرەك.

بۇ ئىشنى ئەتىگە قويماسلىقىمىز كېرەك.

مەكتەپ ماشىنىسىغا چىققاندا يۈگۈرمەسلىكىمىز شۇنداقلا كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتكەندىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك

Bazen <malı, meli> eki gereklilik dışında tahmin, ihtimal bildirme anlamlarını da yüklenir.

بەزىدە ‹**malı، meli**› قوشۇمچىلىرى زۆرۈرىيەت مەنىسىدىن سىرت يەنە مۆلچەر، ئېھتىماللىق مەنىلىرىنىمۇ ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

-Size epey seslendim; ama sesimi duyuramadım.
-Her hâlde içeride işe dalmış olmalıyım.

-سىزنى خېلى چاقىردىم، ئەمما ئاۋازىمنى ئاڭلىتالمىدىم.
-بەلكىم ئىچىدە ئىشقا بېرىلىپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن.

Boya işleri bitmiş olmalı.

سىرچىلىق ئىشلىرى تۈگىگەن بولۇشى مۇمكىن.

Bütün duyduklarımı anneme söylemeli miyim?

ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاپامغا دېيىشىم كېرەكمۇ؟

Bu pastaları yapabilmek için çok hünerli olmalıyız.

بۇ تورتلارنى قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



Gereklilik kipinin çekimi şöyledir:
زۆرۈرىيەت رايىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە :

Ben almalıyım.

مەن ئېلىشىم كېرەك .

Sen almalısın.

سەن ئېلىشىڭ كېرەك .

O almalı.

ئۇ ئېلىشى كېرەك .

Biz almalıyız.

بىز ئېلىشىمىز كېرەك .

Siz almalısınız.

سىلەر ئېلىشىڭلار كېرەك .

Onlar almalılar.

ئۇلار ئېلىشى كېرەك .

## Gerklilik kipinin olumsuzu
## زورۇرىيەت رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى

Ben konuşmamalıyım.

مەن سۆزلىمەسلىكىم كېرەك .

Sen konuşmamalısın.

سەن سۆزلىمەسلىكىڭ كېرەك .

O komuşmamalı.

ئۇ سۆزلىمەسلىكى كېرەك .

Biz konuşmamalıyız.

بىز سۆزلىمەسلىكىمىز كېرەك .

Siz konuşmamalısınız.

سىلەر سۆزلىمەسلىكىڭلار كېرەك .

Onlar konuşmamalılar.

ئۇلار سۆزلىمەسلىكى كېرەك .

Cümlede gereklilik anlamı gereklilik kipi yerine ‹Gerek, lazım, icap etmek› sözleriyle de sağlanabilir.

جۈملىدە زۆرۈرىيەت مەنىسى زۆرۈرىيەت رايىنىڭ ئورنىغا ‹ Gerek lazım,icap etmek› سۆزلىرىنى قويۇش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

Yarın onu görmem gerek.

ئەتە ئۇنى كۆرۈشۈم كېرەك.

Buraya gelmesi icab ediyor.

بۇ يەرگە كېلىشى زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ.

Onu aramanız lazım.

ئۇنى ئىزدىشىڭىز لازىم.

Dilekçe yazmamız gerekiyor.

ئىلتىماس يېزىشىمىز لازىم بولۇۋاتىدۇ.

Oraya gitmem gereksiz.

ئۇ يەرگە بېرىشىم لازىم ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



2. Sıfat fiil eklerinden biri olan <-an,-en> eki

<-an,-en> sıfat fiil eki geçişli, geçişsiz tek ve çok heceli fiillerden sıfat üreten çok işlek bir sıfat fiil ekidir. Türkçede çok yaygın olarak kullanılan bu ekin işlevi çok fazladır.

2. سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن ‹an, en› قوشۇمچىسى

an ، ـ en ـ سۈپەتداش قوشۇمچىسى ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز تاق ۋە كۆپ بوغۇملۇق پېئىللاردىن سۈپەت ياسايدىغان كۆپ قوللىنىلىدىغان سۈپەتداش قوشۇمچىسىدۇر. تۈركچىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان بۇ قوشۇمچىنىڭ ناھايىتى كۆپ فۇنكسىيىسى بار.

1. Eklendiği fiille birlikte o fiilin öznesinden önce gelerek sıfat görevini yüklenir.

1. قوشۇلۇپ كەلگەن پېئىل بىلەن بىرلىكتە ئۇ پېئىلنىڭ ئىگىسىدىن بۇرۇن كېلىپ سۈپەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

Hızla ilerleyen otomobil ağaca çarptı.

تېز سۈرئەتتە ماڭغان ئاپتوموبىل دەرەخكە سوقۇلدى.

Bilmediği bir işe girip ne diyeceğini şaşıran adam suları bile kendine güldürür.

بىلمەيدىغان ئىشقا كىرىپ نېمە دېيىشىنى بىلمىگەن ئادەمگە ھەتتا سۇلارمۇ كۈلىدۇ.

Uzun süredir yürüyen adam yorgunluk gidermek için kır kahvesinde oturdu.

ئۇزۇندىن بېرى مېڭىۋاتقان ئادەم ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يېزا قەھۋاخانىسىدا ئولتۇردى.

2. <-an,-en> sıfat fiil ekleri kullandığında eğer anlam bütünlüğü bozulmuyorsa kendinden sonra gelen ad kullanılmaz. Adın alacağı ek veya ekler sıfat fiil eki üzerine getirilir.

2 . ‹-an,-en› سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلگەندە ئەگەر مەنە پۈتۈنلۈكى بۇزۇلمىسا ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئىسىم قوللىنىلمايدۇ. ئىسىمغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان قوشۇمچە ياكى قوشۇمچىلار سۈپەتداش قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

Dün akşam beni arayan sen miydin?

تۈنۈگۈن ئاخشام مېنى ئىزدىگەن سەنمىتىڭ؟

İzleyenlerden bazıları göz yaşlarını tutamadı.

كۆرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

Müdür bey geç gelenleri odasına çağırdı.

مۇدىر ئەپەندى كېچىكىپ كەلگەنلەرنى ئىشخانىسىغا چاقىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


3. Öznesi belirtili isim tamlaması olan cümlelerde <-an,-en> sıfat fiil ekleriyle sıfatlaşan kelime belirtili isim tamlamasını oluştururken iki kelimenin arasına girebilir.

3. ئىگىسى بەلگىلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن جۈملىلەردە ‹an, en› سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى بىلەن سۈپەتلەشكەن كەلىمە بەلگىلىك ئىگىلىك كېلىش شەكىللەندۈرگەندە ئىككى كەلىمىنىڭ ئارىسىغا كىرىدۇ.

Bahçedeki gülün baharda açan yaprakları etrafa hoş kokular yayıyordu.

باغچىدىكى گۈلنىڭ ئەتىيازدا ئېچىلغان ياپراقلىرى ئەتراپقا خۇشپۇراقلار تارقىتىۋاتاتتى.

Türkiye'nin gelişen ekonomisi onu yatırımlar için çekici kılıyor.

تۈركىيەنىڭ تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادى ئۇنى مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن جەلپ قىلارلىق ھالغا كەلتۈردى.

4. Eklendiği fiille birlikte kalıp sözler oluşturur.

4. قوشۇلۇپ كەلگەن پېئىل بىلەن بىللە قېلىپلاشقان سۆز ياسايدۇ.

| | |
|---|---|
| **Kapan** | قاپقان |
| **Kalkan** | قالقان |
| **İşveren** | ياللىغۇچى، ئىش بەرگۈچى |
| **Çağlayan** | شارقىراتما |
| **Ağaçkakan** | تۆمۈرتۇمشۇق |

5. Sıfatın anlam olarak zayıf kaldığı durumlarda bir adın sıfat işlevi yüklenebilmesi için addan önce <-an> sıfat fiil ekiyle türetilmiş <-olan> kelimesi kullanılır.

سۈپەتنىڭ مەنىسى ئاجىزلىغان ئەھۋاللار بىلەن بىر ئىسىمنىڭ سۈپەت رولىنى ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن بۇرۇن ئىسىمدىن ‹**an**› سۈپەتداش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ‹**olan**› سۆزى قوللىنىلىدۇ.

Hasta olan öğrenci iki gündür okula gelmiyor.

كېسەل بولۇپ قالغان ئوقۇغۇچى ئىككى كۈندىن بېرى مەكتەپكە كەلمەيۋاتىدۇ.

Van'da olan depremin hasar tespit çalışmaları yarın başlayacak.

ۋاندا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشنىڭ زىيان ئەھۋالىنى ئېنىقلاش خىزمىتى ئەتە باشلىنىدۇ.

6. <-an,-en> sıfat fiil ekleri cümle içerisinde geçmiş, şimdiki ve geniş zamanı anlatır.

6. ‹-an,-en› سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى جۈملە ئىچىدە ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زاماننى ئىپادىلەيدۇ.

Yeni yıkanan halılara ayakkabılarıyla bastı.

يېڭى يۇيۇلغان گىلەملەرگە ئايىغى بىلەن دەسسىدى.

Artan geçim sıkıntısı insanları canından bezdirir.

ئېشىپ بېرىۋاتقان تىرىكچىلىك قىيىنچىلىقى ئادەملەرنى جېنىدىن تويغۇزىدۇ.

Sakın uyuyan hastaları rahatsız etme.

ھەرگىز ئۇخلاۋاتقان بىمارلارنىڭ راھىتىنى بۇزما.

# Medya

# مېدىيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Medya

# ميديا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

## Gazete haberleri

Avrupa'daki en katı sigara içme yasağı İspanya'da. Yasaya göre kapalı yerlerde sigara içmenin cezası 30 ile 600 bin Euro arasında değişiyor. Bu yasayla iş yerinde, kültür ve alışveriş merkezlerinde, otobüs, metro, tren gibi toplu taşıma araçlarında sigara içmek yasak. 100 metrekareden daha büyük bar, lokanta, kafe gibi kapalı yerlerde de sigara için ayrı bir bölüm olması gerekiyor.

## گېزىت خەۋەرلىرى

ياۋرۇپادىكى ئەڭ قاتتىق تاماكا چېكىشنى چەكلەش قانۇنى ئىسپانىيەدە: قانۇنغا ئاساسلانغاندا ئۈستى يېپىق سورۇنلاردا تاماكا چېكىشنىڭ جازاسى 30 ياۋرو بىلەن 600 مىڭ ياۋرو ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ قانۇن بىلەن خىزمەت ئورنىدا، مەدەنىيەت ۋە سودا ـ سېتىق مەركەزلىرىدە، ئاپتوبۇس، مېترو قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىدا تاماكا چېكىش چەكلىنىدۇ. 100 كۋادرات مېتىردىن چوڭ مەيخانا، قاۋاقخانا، قەھۋەخانا قاتارلىق ئۈستى يېپىق سورۇنلاردىمۇ تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئايرىم بىر بۆلۈم بولۇشى لازىم.

## Gazete haberleri

Hindistan'ın güneyinde dün sabah bir tren kazası oldu, kazada 109 kişi öldü.

Andra Pradeş eyaletindeki kazaya, küçük bir köprünün yıkılması neden oldu ve tren nehre yuvarlandı. Nehirde arama ve kurtarma çalışmaları bugün de devam ediyor. Kazadan bir çok kişi yaralı olarak kurtuldu.

## گېزىت خەۋەرلىرى

ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدا تۈنۈگۈن ئەتىگەن پويىز ھادىسىسى يۈز بەردى. ھادىسىدە **109** ئادەم ئۆلدى.

ئاندرا پىرادەش ۋىلايىتىدىكى ھادىسىگە كىچىك بىر كۆۋرۈكنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى سەۋەب بولدى ۋە پويىز دەرياغا دومىلاپ كەتتى. دەريادا ئىزدەش ۋە قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرى بۈگۈنمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. ھادىسىدە نۇرغۇن ئادەم يارىدار ھالەتتە قۇتۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Gazete haberleri

Bir elektronik firması, otomobiller için otomatik park etme sistemi geliştirdi.

Sistem sokaktaki boş yerleri buluyor ve otomobili kendisi park edebiliyor. Firmanın mühendisleri: “Park yeri bulmak sürücülerin en büyük problemi. Bu sistem sürücülere büyük kolaylıklar getirecek.”diyor. Mühendisler yeni sistemi Almanya'da test etmeye başladı.

## گېزىت خەۋەرلىرى

بىر ئېلېكترون شىركىتى ئاپتوموبىللار ئۈچۈن ئاپتوماتىك ماشىنا توختىتىش سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

سىستېما كوچىدىكى بىكار يەرلەرنى تاپىدۇ ۋە ئاپتوموبىل ئۆزى توختىيالايدۇ. شىركەتنىڭ ئىنژېنېرلىرى ‹ماشىنا توختىتىش مەيدانى تېپىش شوپۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقى، بۇ سىستېما شوپۇرلارغا كۆپ ئاسانلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ› دېدى. ئىنژېنېرلار يېڭى سىستېمىنى گېرمانىيەدە سىناق قىلىشقا باشلىدى.

Popüler bilim ve kültür dergisi Focus bir dosya hazırladı ve dünyadan yüz harika tatil noktasını tanıttı. 34 sayfalık bu dosyada Türkiye'den de ilginç tatil alternatifleri var. İşte bazı örnekler:

Türkiye'nin en yüksek tepesi Kaçkarlar doğayla başbaşa kalmak için ideal yerlerden biri. Kaçkar dağlarına yolculuk, tur programlarında genellikle Artvin şehrinden başlıyor ve yaylalardaki bir haftalık kamptan sonra kaplıcalarda sona eriyor. Kaçkarlara gitmek için en uygun zaman ağustos; çünkü bu mevsimde hava sıcaklığı dağda zaman geçirmek için daha uygun oluyor. Ayrıca ağustos ayının sonundaki yayla şenlikleri doğa severlere Karadeniz halkını ve kültürünü tanıma şansı veriyor.

Masmavi bir denizde, dalgaların üzerinde uçabilmeniz için iki şeye ihtiyacınız var: Bir Alaçatı biletine ve bir sörf tahtasına.

Alaçatı hem coğrafya yapısı hem de iklimi nedeniyle sörf yapmak için çok uygun bir bölge. Son yıllarda uçurtma sörfü yapmak Alaçatıda çok yaygın. Bu sörfü öğrenebilmeniz için çok çeşitli kurslar bulunuyor.

Bulutların arasından süzülmek, rüzgarla yarışabilmek ve yer yüzüne masmavi gök yüzünden bakabilmek. Bunları yapabilmeniz için kanatlarınızın olmasına gerek yok. Fethiye Ölü Denize gidip yamaç paraşütünü deneyin yeter.

Bugün yerli yabancı bir çok turist gök yüzünde süzülmek için Fethiye'ye gidiyor. Üstelik bu iş için teorik eğitim almadan profesyonel pilotlarla uçmak mümkün.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بىلىم ۋە مەدەنىيەت ژورنىلى «فوكۇس» بىر ماتىريال تەييارلىدى ۋە دۇنيادىكى يۈز ئىسسىق دەم ئېلىش نۇقتىسىنى تونۇشتۇردى. 34بەتلىك بۇ ماتىريالدا تۈركىيەدىكى تاللانغان ئىسسىق دەم ئېلىش نۇقتىلىرى بار. شۇنىڭدىن بىر قانچە ئۆرنەكلەر.

تۈركىيەنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى كاچكارلار تەبىئەت بىلەن يالغۇز قېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق يەرلەرنىڭ بىرى. «كاچكار تاغلىرىغا سەپەر» ساياھەت پروگراممىلىرىدا ئومۇمەن ئارتۋىن شەھىرىدىن باشلىنىدۇ ۋە يايلاقلاردىكى بىر ھەپتىلىك لاگىر ھاياتىدىن كېيىن كاپلىجا( ئارشاك )دا ئاخىرلىشىدۇ. كاچكارلارغا بېرىش ئۈچۈن ئەڭ ئۇيغۇن ۋاقىت ئاۋغۇست ئېيى. چۈنكى بۇ مەۋسۇمدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تاغدا ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇۋاپىق. ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى يايلاق بايراملىرى تەبىئەت مەستانىلىرىغا قارا دېڭىز خەلقىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

كۆپكۆك بىر دېڭىزدا، دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇشقىز ئۈچۈن ئىككى نەرسىگە ئېھتىياجىڭىز چۈشىدۇ. بىرى ئالاچاتىنىڭ بىلەتى، يەنە بىرى دولقۇن تېيىلىش تاختىسى.

ئالاچاتى ھەم جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ھەم ئىقلىمى جەھەتتە دولقۇن تېيىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق يەر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پاراشوتلۇق دولقۇن يېرىش تەنھەرىكىتى ئالاچاتىدا ناھايىتى ئومۇملاشتى. بۇ دولقۇن يېرىش تەنھەرىكىتىنى ئۆگىنىشىڭىز ئۈچۈن تۈرلۈك كۇرسلارمۇ بار.

بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچۇش، شاماللار بىلەن بەسلىشىش ۋە يەر يۈزىگە كۆپكۆك ئاسماندىن قاراش. بۇلارنى قىلىش ئۈچۈن قانىتىڭىزنىڭ بولۇشى لازىم ئەمەس. فەتھىيە ئۆلۈك دېڭىزىغا بېرىپ يەلكەنسىمان پاراشۇتنى سىناپ بېقىڭ.

بۈگۈن يەرلىك ۋە چەتئەللىك نۇرغۇن ساياھەتچى كۆك يۈزىدە ئۇچۇش ئۈچۈن فەتھىيەگە بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش ئۈچۈن نەزىرىيىۋى تەربىيە ئالماي تۇرۇپمۇ كەسپى ئۇچقۇچىلار بىلەن ئۇچۇش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Katı | قاتتىق |
| Yasak | چەكلەش ، توسۇش |
| Yasa | قانۇن |
| Değişmek | ئۆزگەرمەك ، ئالماشماق ، تېگىشمەك |
| Kültür | مەدەنىيەت |
| Toplu taşıma araçları | ئاممىۋى قاتناش قوراللىرى |
| Metrekare | كۋادرات مېتىر |
| Eyalet | ۋىلايەت |
| Köprü | كۆۋرۈك |
| Yıkılmak | ئۆرۈلمەك ، ئاغدۇرۇلماق ، كۆزدىن يوقالماق |
| Yuvarlanmak | دۇملاپ كەتمەك |
| Arama ve kurtarma | ئىزدەش ۋە قۇتقۇزۇش |
| Firma | شىركەت ، ئىقتىسادىي پائالىيەت ئورگىنى |
| Park etmek | ماشىنا توختاتماق |
| Mühendis | ئىنژېنېر |

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Test etmek | سىناق قىلماق، تەجرىبە قىلماق |
| Popüler | تونۇلغان، ھەممىگە تونۇش |
| Dergi | ژورنال |
| Dosya | ھۆججەت |
| Harika | مۆجىزە، قۇسۇرسىز، كەم ـ كۈتسىز، گۈزەل |
| Alternatif | تاللاش، ئىمكانىيەت |
| Tepe | تاغ، ئېگىزلىك، تۆپە |
| Yolculuk | سەپەر |
| Tur programı | ساياھەت پروگراممىسى |
| Yayla | ئېگىزلىك |
| Kamp | چېدىر، لاگىر |
| Sona ermek | ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك |
| Şenlik | خۇشاللىق، بايرام |
| Doğa | تەبىئەت |
| Şans | ئامەت، تەلەي، بەخت |

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Dalga** | دولقۇن |
| **Sörf** | دولقۇن تېيىلىش تەنھەرىكىتى |
| **Uçurtma** | لەگلەك |
| **Çeşitli** | تۈرلۈك . ھەرخىل |
| **Süzülmek** | سۈزۈلمەك ، ئاقماق ، ئۇچماق |
| **Yarışmak** | مۇسابىقىلەشمەك ، بەسلەشمەك |
| **Turist** | ساياھەتچى |
| **Teorik eğitim** | نەزەرىيىۋى تەربىيە |
| **Profesyonel** | كەسپىي |
| **Pilot** | ئۇچقۇچى |
| **Fırın** | دۇخۇپكا، تونۇر |
| **Misafir** | مېھمان |
| **Manav** | مېۋە ۋە كۆكتات سېتىلىدىغان يەر |
| **Tatlı** | تاتلىق تۈرۈملەر |

## Yeni Kelimeler ييڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Kek | باقqالى ، تورت |
| Maç | مۇسابىقە |
| Kenar | قىرغاق ، قىرى ، يان تەرەپ ،چۆرىسى |
| Bez | ماتا، رەخت |
| Epey | خېلى، خېلىلا |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىك ئادرىسى



## 1.Emir kipi

Türkçede emir kipi zaman kavramı taşımayan bir dileği, isteği ya da gerekliliği bildiren kiplerden biridir. Emir kipinin diğerlerinden farklı özellikleri vardır. Diğer kiplerde kişi ekinden başka bir de kip eki görev alır. Emir kipindeyse emir ve kişi ifade eden ayrı ayrı ekler yoktur. Her iki anlam da iç içe geçmiş durumdadır.

## 1 .بۇيرۇق رايى

تۈركچىدە بۇيرۇق رايى ۋاقىت ئۇقۇمى ئىپادىلىمەيدىغان بىر تىلەكنى، ئىستەكنى ياكى زۆرۈرىيەتنى بىلدۈرىدىغان رايلارنىڭ بىرىدۇر. بۇيرۇق رايىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرى بار. باشقا رايلاردا شەخس قوشۇمچىسىدىن باشقا يەنە راي قوشۇمچىسى ئورۇن ئالىدۇ. بۇيرۇق رايىدا بولسا بۇيرۇق ۋە شەخسنى ئىپادىلەيدىغان ئايرىم قوشۇمچىلار يوق. ھەر ئىككى مەنە بىرىكىپ كەتكەن ھالەتتە.

## Emir kipinin çekimi şöyledir:

| | |
|---|---|
| Birinci tekil kişi | Birinci çoğul kişi |
| Ben vereyim | Biz verelim |
| İkinci tekil kişi | İkinci çoğul kişi |
| Sen ver | Siz verin, siz veriniz |
| Üçüncü tekil kişi | Üçüncü çoğul kişi |
| O versin | Onlar versinler |

## بۇيرۇق رايىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| بىرىنچى شەخس بىرلىك | بىرىنچى شەخس كۆپلۈك |
| مەن بېرەي | بىز بېرەيلى |
| ئىككىنچى شەخس بىرلىك | ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك |
| سەن بەر | سىز بېرىڭ، سىلەر بېرىڭلار |
| ئۈچىنچى شەخس بىرلىك | ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك |
| ئۇ بەرسۇن | ئۇلار بەرسۇن |

www.uyghurkitap.com



Emir kipi birinci kişilerde istek kipiyle karışmış durumdadır.<Geleyim, Gelelim> gibi.

بۇيرۇق رايى بىرىنچى شەخستە ئارزۇ-ئىستەك رايى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ھالەتتە كېلىدۇ. ‹باراي، بارايلى› دېگەندەك.

Emir kipinin sorusu da şöyledir.

بۇيرۇق رايىنىڭ سوئالى تۆۋەندىكىدەك:

--Senin kitabını alıp okuyayım mı?

--Al, oku; ama geri getirmeyi sakın unutma.

--Peki. Bu akşam birlikte tiyatroya gidelim mi?

--Gidelim; ama işlerim çok yoğun, bana biraz yardım et.

-سېنىڭ كىتابىڭنى ئېلىپ ئوقۇيمۇ؟

-ئال، ئوقۇ. ئەمما قايتۇرۇپ بېرىشنى ھەرگىز ئۇنۇتما.

-ماقۇل. بۇ ئاخشام بىللە تىياتىرغا بارايلىمۇ؟

-بارايلى. ئەمما ئىشلىرىم بەك جىق، ماڭا ئازراق ياردەم قىل.

2.İstek kipi

Türkçede istek kipi zaman kavramı taşımayan bir dileği, isteği ya da gerekliliği bildiren kiplerden biridir. Emir kipiyle birlikte kullanımı yaygındır. Adeta emir kipiyle istek kipi iç içe geçmiştir. Bugünkü kullanımda istek kipinin birinci tekil ve birinci çoğul kişileri emir kipiyle aynı biçimde çekimlenir. Bundan dolayı istek kipinin çekimi şöyledir.

| Birinci tekil kişi | Birinci çoğul kişi |
|---|---|
| Ben gideyim | Biz gidelim |
| **İkinci tekil kişi** | **İkinci çoğul kişi** |
| Sen gidesin | Siz gidesiniz |
| **Üçüncü tekil kişi** | **Üçüncü çoğul kişi** |
| O gide | Onlar gideler |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



2. ئارزۇ ـ ئىستەك رايى

تۈركچىدە ئارزۇ ـ ئىستەك رايى زامان ئۇقۇمى ئىپادىلىمەيدىغان بىر تىلەكنى، ئىستەكنى ياكى زۆرۈرىيەتلىكنى بىلدۈرىدىغان رايلارنىڭ بىرىدۇر. بۇيرۇق رايى بىلەن بىللە ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. بۇيرۇق رايى بىلەن ئارزۇ ـ ئىستەك رايى بىرلىشىپ كەتكەن. ھازىرقى ئىشلىتىلىشىدە ئارزۇ ـ ئىستەك رايىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى بۇيرۇق رايى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە تۈرلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئارزۇ ـ ئىستەك رايىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

| بىرىنچى شەخس بىرلىك | بىرىنچى شەخس كۆپلۈك |
|---|---|
| مەن كېتەي | بىز كېتەيلى |
| ئىككىنچى شەخس بىرلىك | ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك |
| سەن كەتسەڭ بوپتىكەن | سىلەر كەتسەڭلار بوپتىكەن |
| ئۈچىنچى شەخس بىرلىك | ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك |
| ئۇ كەتسە بوپتىكەن | ئۇلار كەتسە بوپتىكەن |

İstek kipini emir kipiyle iç içe kullandığımız için cümlelerdeki vurguya dikkat etmek gerekir.

ئارزۇ ـ ئىستەك رايىنى بۇيرۇق رايى بىلەن ئارىلاش قوللانغانلىقىمىز ئۈچۈن جۈملىدىكى ئۇرغۇغا دىققەت قىلىش لازىم.

--Bugünkü iş toplantısına katılacak mısın?

--Katılmayı çok istiyordum; ama yurt dışından misafirlerim gelecek. Havaalanına gitmem gerekiyor; ama sen mutlaka katıl. Benim gelemeyeceğimi söylemeyi unutmayasın ha.

--Hiç unutur muyum? Hemen not defterime senin dediklerini de yazayım.

--Havaalanından sonra da işlerim çok yoğun. Sen toplantıdan sonra beni arasana.

--Tamam. Merak etme. Hemen ararım. Görüşmek üzere.

--Görüşmek üzere.

–بۈگۈنكى خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشامسەن؟

–قاتنىشىشنى بەك خالايتتىم. ئەمما چەتئەلدىن مېھمانلىرىم كېلىدۇ. ئايرودۇرۇمغا بېرىشىم كېرەك. لېكىن سەن چوقۇم قاتناشقىن. مېنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالما ـ ھە.

–ئۇنتۇپ قالارمەنمۇ؟ دەرھال خاتىرە دە پتىرىمگە سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىمۇ يېزىۋالاي.

–ئايرودۇرۇمدىن قايتقاندىن كېيىنمۇ ئىشىم بەك جىق. سەن يىغىندىن چىقىپلا ماڭا تېلېفون قىلغىن.

–ماقۇل. ئەنسىرىمە. شۇ زاماتلا تېلېفون قىلىمەن. كۆرۈشەرمىز.

–كۆرۈشەرمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Yolculuk

# سەپەر

# Yolculuk

# سەپەر

www.uyghurkitap.com

# Ne okuyalım?

Yaz mevsimi iyice yaklaştı ve her hâlde hepiniz tatil hayalleri kurmaya başladınız bile. Peki tatilde nereye gideceksiniz? Nerede kalacaksınız? Tatilde ne okuyacaksınız? Bu sorulara yanıt vermenizi kolaylaştırmak için programımızın bu bölümünde size bir kaç kitap tanıtmak istiyoruz.

İlk kitabımızın adı "Bavulumda dünya".

Kitabın yazarı İbrahim Aygırcı sizi Çin'den Avrupa başkentlerine, oradan da Amerika'ya ilginç bir yolculuğa çıkarıyor. Kitap sadece bir dünya turunu anlatmıyor. Avrupa'yı, Asya'yı ve Amerika'yı daha iyi tanımanız için size bir coğrafya, tarih ve kültür rehberliği de yapıyor. "Bavulumda dünya" Cinius yayınlarından çıkmış.

İkinci kitabımızsa Türkiyedeki ilgi çekici turizm noktalarını öğrenebilmeniz için iyi bir tatil rehberi. Adı "Gezi Türkiye." Rehber turistik merkezleri çeşitli fotoğraflarla tanıtıyor ve ulaşım, yeme içme, konaklamayla ilgili bilgiler veriyor. Rehberde ayrıca karayol haritaları da bulunuyor. Ekin grubunun bu kitabı size uygun tatil yerini seçebilmeniz için çok farklı alternatifler sunuyor. Tatile çıkmadan önce okumanızı tavsiye ediyorum.

Diğer kitabımızsa çocuk klassiklerinin en güzel örneklerinden biri "Seksen günde dünya gezisi". Kitabın konusu kısaca şöyle:

Bayfok çok zengin, kibar fakat kimsesiz bir insandır. Tek eğlencesi şehir kulübünde biriç oynamaktır. Bir gün kulüpte servetinin yarısını ortaya koyarak bir iddiaya girer. Dünyanın çevresini seksen günde dolaşacaktır hem de hava yolunu kullanmadan, önceden hiç bir planlama yapmadan.

Bence büyük küçük herkes Jules Verne'in bu romanını dünyayı gezmek, fillerin sırtında dolaşmak, heyecanlı deniz yolculukları yapmak için okuyabilir.

# نېمە ئوقۇيلى؟

ياز پەسلى خېلىلا يېقىنلىشىپ قالدى ۋە ھەرھالدا ھەممىڭلار دەم ئېلىش خىياللىرىنى سۈرۈشكىمۇ باشلىدىڭلار. ئۇنداقتا تەتىلدە قەيەرگە بارىسىلەر؟ قەيەردە تۇرىسىلەر؟ تەتىلدە نېمە ئوقۇيسىلەر؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن پروگراممىمىزنىڭ بۇ بۆلۈمىدە سىلەرگە بىر قانچە كىتاب تونۇشتۇرماقچىمىز.

تۇنجى كىتابىمىزنىڭ ئىسمى «چامادانىمدا دۇنيا».

كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئىبراھىم ئايگىرجى سىلەرنى جۇڭگودىن ياۋروپانىڭ پايتەختلىرىگە، ئۇ يەردىن ئامېرىكىغا ئاجايىپ بىر سەپەرگە ئېلىپ چىقىدۇ. كىتاب پەقەت بىر دۇنيا ساياھىتىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ياۋروپانى، ئاسىيانى، ئامېرىكىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشىڭىز ئۈچۈن سىزگە جۇغراپىيە، تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. «چامادانىمدا دۇنيا» جىنۇس نەشرىياتىدىن چىققان.

ئىككىنچى كىتابىمىز بولسا تۈركىيەدىكى جەلپ قىلارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى تونۇشىڭىز ئۈچۈن ياخشى بىر دەم ئېلىش يېتەكچىسى. ئىسمى «تۈركىيە ساياھىتى». بۇ قوللانما كىتاب ساياھەت مەركەزلىرىنى تۈرلۈك رەسىملەر بىلەن تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئالاقە، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرىدىغان جايلارغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. قوللانمىغا بۆلاردىن باشقا قۇرۇقلۇق يولى خەرىتىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئەكىن گۈرۈپپىسىنىڭ بۇ كىتابى سىلەرگە مۇۋاپىق دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنى تاللىشىڭىز ئۈچۈن ئوخشىمىغان ئىمكانىيەتلەرنى سۇنىدۇ. تەتىلگە چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇپ بېقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە بىر كىتابىمىز كىلاسسىك باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈرنەكلىرىدىن بىرى بولغان «سەكسەن كۈندە دۇنيانى ئايلىنىش» دېگەن كىتاپ. كىتاپنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

فوك ئەپەندى ئىنتايىن باي، سەممىمي ئەمما ھېچكىمى يوق بىر ئادەم. بىردىنبىر خوشلۇقى شەھەرلىك كۇلۇپتا قارت ئويناش. بىر كۈنى كۇلۇپتا مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى دوغا تىكىپ دۇنيانى سەكسەن كۈندە ھاۋا يولىنى ئىشلەتمەي، ھېچقانداق بىر پىلان تۈزمەي ئايلىنىش ھەققىدە باغلىشىدۇ.

مېنىڭچە چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ژىيۇل .ۋېرىننىڭ بۇ رومانىنى دۇنيانى كېزىش، پىلىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايلىنىش، ھاياجانلىق دېڭىز سەپىرى قىلىش ئۈچۈن ئوقۇسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## Unutulanlar

Akşam yemeğini bir saat içinde yapmalıydı; çünkü takip ettiği dizinin başlamasına az bir zaman kalmıştı. Keşke sabahleyin yemeğini yapmış olsaydı şimdi bu kadar acele etmezdi. Hemen soğan ve patatesleri doğradı. Dün alışverişe çıkmıştı; ama bazı malzemeleri almayı unutmuştu. Yemeğe katması gereken havuç da unuttuğu malzemelerden biriydi. Bu yemeğe havuç ayrı bir lezzet katıyordu. Evlerinin yakınında bulunan markete koşar adımlarla giderken "havuç almayı unutmasaydım, şimdi bu kadar koşturmazdım" dedi kendi kendine. Keşke alması gereken malzemelerin listesini yapsaydı. Böylece alışverişe çıktığında havuç almayı unutmazdı. Yol boyunca kendine kızdı. Eve geldikten sonra yemek malzemelerini hazırladı. Tencereyi ocağın üzerine koydu. Acele işe şeytan karışır misali ocağa yakmayı unutarak televizyonda takip ettiği diziyi izlemek için salona geçti. Televizyonu açtı. Dizisi başlamıştı. Dizinin kahramanı iki katlı bir evde yaşıyordu. Kendi oturduğu evi düşündü. Verdiği kiraya göre oturduğu ev oldukça küçük bir evdi. Eşyaları da sığmıyordu. Oğlunun kendine ait odası da yoktu. Keşke oturduğum ev iki katlı büyük bir ev olsa, eşyalarımı istediğim gibi düzenlesem, çocuğumun da ayrı bir odası olsa ne güzel olur, ah! Bir de bahçesi olsa diye düşündü. Bahçesinde neler yetiştirmezdi.

Domatesi, biberi bahçesinde yetiştirirdi. İçinden geçirdiği keşke ben de böyle bir evde oturabilsem sözü en sonunda diline döküldü. Birden aklına ocaktaki yemekler geldi. Koşa koşa mutfağa gitti. Ocağa yakmamış olduğunu görünce kendi kendine kızdı. Hemen ocağa yaktı. Hastalık hâlini alan unutkanlığına kızdı. "Keşke unutkan olmasaydım, hayallere de bu kadar dalmasaydım" dedi kendine.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەچلىك تاماقنى بىر سائەت ئىچىدە ئېتىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇزمەي كۆرۈۋاتقان تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ باشلىنىشىغا ئاز قالغانىدى. كاشكى ئەتىگەنرەك تاماقنى ئېتىۋەتكەن بولسا ھازىر بۇنچىلىك ئالدىراپ كەتمەيتتى. دەرھال پىياز ۋە ياڭيۇلارنى توغرىدى، تۈنۈگۈن نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى چىققان بولسىمۇ ئەمما بەزى لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. تاماقا قوشىدىغان سەۋزە ئۇنتۇپ قالغان لازىملىق نەرسىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ تاماققا سەۋزە باشقىچە بىر تەم كىرگۈزەتتى. ئۆيگە يېقىن يەردىكى تاللا بازىرىغا يۈگۈرۈپ كىتىۋېتىپ ‹سەۋزە ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولسام، ھازىر بۇنچىلىك يۈگۈرۈپ كەتمەيتتىم›دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە. كاشكى ئېلىشى لازىم بولغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈۋالغان بولسا ئىدى، نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى چىققاندا سەۋزە ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. يول بويى ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن تاماققا لازىملىق ماتېرىياللارنى تەييارلىدى. كورىنى ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويدى. ‹ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلىشىپتۇ› دېگەندەك ئوچاققا ئوت يېقىشنى ئۇنتۇپ تېلېۋىزوردا كۆرۈۋاتقان تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن سالونغا چىقتى. تېلېۋىزورنى ئاچتى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى باشلانغان ئىدى. كىنونىڭ باش قەھرىمانى ئىككى قەۋەتلىك ئۆيدە تۇراتتى. ئۆزى ئولتۇرغان ئۆينى ئويلىدى. بەرگەن ئىجارە پۇلىغا قارىغاندا ئولتۇرغان ئۆيى بەكمۇ كىچىك ئىدى. نەرسە ـ كېرەكلىرىمۇ سىغمايۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئۆيى يوق ئىدى. ‹كاشكى ئولتۇرغان ئۆي ئىككى قەۋەتلىك چوڭ بىر ئۆي بولغان بولسا، نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى خالىغىنىمچە رەتلىسەم.

بالامنىڭمۇ ئايرىم بىر ئۆيى بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ھە، يەنە بىر گۈللۈكىمۇ بولغان بولسا» دەپ ئويلىدى. گۈللۈككە ئىمىلەرنى تېرىماستى. پەمىدۇر، لازىنى گۈللۈكىدە يېتىشتۈرەتتى. ئىچىدىكى «كاشكى مەنمۇ شۇنداق بىر ئۆيدە ئولتۇرالىغان بولسام» سۆزىنى ئاخىرىدا سۆزلەپ سالدى. تۇيۇقسىز ئەقلىگە ئوچاقتىكى تاماقلار كەلدى. يۈگۈرە - يۈگۈرە ئاشخانىغا چىقتى، ئوچاقتا ئوت ياقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى. دەرھال ئوچاقتا ئوت ياقتى. كېسەللىك دەرىجىسىگە يەتكەن بۇ ئۇنتۇتقاقلىقىغا ئاچچىقى كەلدى. «كاشكى ئۇنتۇتقاق بولمىغان بولسام، خىياللارغا بۇ قەدەر چۆكۈپ قالمىغان بولسام» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# Yeni Kelimeler يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Yaklaşmak** | يېقىنلاشماق |
| **Hepiniz** | ھەممىڭلار |
| **Hayal kurmak** | خىيال سۈرمەك |
| **Bile** | ...مۇ، ھەتتا، ھەتتاكى |
| **Yanıt vermek** | جاۋاپ بەرمەك، جاۋاپ قايتۇرماق |
| **Kolaylaştırmak** | ئاسانلاشتۇرماق، ئوڭايلاشتۇرماق |
| **Tanıtmak** | تونۇتماق |
| **Bavul** | چامادان |
| **Başkent** | پايتەخت |
| **Dünya turu** | دۇنيا ساياھىتى |
| **Rehberlik** | يېتەكچىلىك، يول باشلىغۇچىلىق |
| **Yayın** | مەتبۇئات، نەشرىيات |
| **Ulaşım** | قاتناش، ئالاقە |
| **Konaklama** | سەپەر ئۈستىدە بىر يەردە قونۇپ قالماق |
| **İlgili** | مۇناسىۋەتلىك |

## Yeni Kelimeler يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| **Seçmek** | تاللىماق |
| **Briç** | تۆت كىشى ئويناىدىغان قارت ئويۇنى |
| **Servet** | بايلىق، مال ـ مۈلۈك |
| **İddiaya girmek** | باغلاشماق، ئۆتۈشمەك |
| **Çevre** | ئەتراپ، مۇھىت |
| **Takip etmek** | ئىزىغا چۈشۈش، ئەگىشىش، دىققەت بىلەن كۆرۈش |
| **Soğan** | پىياز |
| **Patates** | ياڭيۇ |
| **Malzeme** | ماتېرىيال، لازىملىق نەرسە |
| **Havuç** | سەۋزە |
| **Liste** | تىزىملىك |
| **Tencere** | كورا |
| **Oldukça** | بەكمۇ، ناھايىتى |
| **Düzenlemek** | ئورۇنلاشتۇرماق، تەشكىللىمەك، رەتلىمەك |
| **Biber** | لازا، مۇچ |

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Yeni Kelimeler — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| Marangoz | ياغاچچى |
| Restore etmek | ئوڭشىماق ، رېمونت قىلماق |
| Lastik | كامىر، رېزىنكە |
| Testere | ھەرە |
| İflas etmek | بۇزۇلماق ، ۋەيران بولماق ، بەربات بولماق |
| Davet etmek | تەكلىپ قىلماق |
| Dokunmak | چېقىلماق ، تەگمەك ، تەسىر قىلماق ،تۇتماق |
| Şaşırtıcı | ھەيران قالارلىق |
| Komik | قىزىقارلىق ، كومېدىيەلىك |
| Dizi | كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى |
| Unutkan | ئۇنۇتقاق |
| Koşmak | يۈگۈرمەك |

## Şimdiki zamanın hikâyesi ھازىرقى زاماننىڭ ھېكايىسى

Şimdiki zamanın hikayesinin işlevleri şunlardır.

Bir işin daha önceki bir zaman dilimi içinde devamlı yapıldığını, ya da önce başlayıp o anda devam ettiğini belirtmek için kullanılır.

ھازىرقى زامان ھېكايىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر.

بىر ئىشنىڭ بۇرۇنراق بىر ۋاقىت ئىچىدە داۋاملىق قىلىنغانلىقىنى، ياكى ئالدى بىلەن باشلىنىپ شۇ ۋاقىتتا داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

Odaya girdiğimde ders çalışıyordu.

ھوجرىغا كىرگىنىمدە دەرس تەكرارلاۋاتقان ئىدى.

Eskiden buralar benden soruluyordu.

بۇرۇنلاردا بۇ يەرلەر ماڭا قاراشلىق ئىدى.

<-ken> zarf fiili gibi kullanırız.

‹-ken› رەۋىشداش قوشۇمچىسىغا ئوخشاش ئىشلىتىمىز.

Top oynuyordum, ayakkabım yırtıldı.

توپ ئويناۋاتقان ئىدىم، ئايىقىم يىرتىلىپ كەتتى.

Top oynarken ayakkabım yırtıldı.

توپ ئويناۋاتقىنىمدا ئايىغىم يىرتىلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"-dığı için" zarf fiili gibi kullanırız.

‹-dığı -için› رەۋىشداش قوشۇمچىسىغا ئوخشاش ئىشلىتىمىز.

Ders çalışmıyordu, onun için ceza aldı.

دەرس ئۆگەنمەيۋاتقان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن جازالاندى.

Ders çalışmadığı için cezalandı.

دەرس ئۆگەنمىگەنلىكى ئۈچۈن جازالاندى.

" Az daha, az kalsın, tam" gibi cümleye yön veren ifadelerle kullanıldığında " -mak üzereydi" anlamı vardır.

‹ئاز قىلىش، تاسلا قىلىش، دەل، نەق› قاتارلىق جۈملىگە يېڭى مەنە بېرىدىغان ئىپادىلەرنى ئىشلەتكەن ۋاقتىمىزدا ‹-ماق ئالدىدا ئىدى› دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ.

Az kalsın okulu uzatıyordum.

تاس قالغان ئىدىم مەكتەپنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتكىلى.

Az daha hastalanıyordum.

تاس قالدىم ئاغرىپ قالغىلى.

Tam arabayı yıkıyordum, birden bire sular kesiliverdi.

ماشىنامنى يۇيۇۋاتقان پەيتتە، سۇ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

## Şimdiki zamanın hikâyesinin geçtiği cümleler

هازىرقى زامان ھىكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەر:

Ben de salona doğru gidiyordum.

مەنمۇ مېھمانخانا ئۆيىگە ئۇدۇل مېڭىۋاتقان ئىدىم.

Arkadaşımı yalnız bırakmamak için gidiyordum.

دوستۇمنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئىدىم.

Çiğdem mahallesindeyken Şükrüyü görüyordum; ama taşınınca bağlarımız koptu.

چىدەم مەھەللىسىدىكى چېغىمدا شۈكرىنى كۆرۈپ تۇراتتىم، ئەمما كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى.

Ben de yolda gelirken Kemali gördüm. Neredeyse düşüyordu,yerler karlı olunca.

مەنمۇ يولدا كېلىۋېتىپ كامالنى كۆردۈم. يەرلەر قارلىق بولغاچقا تاس قالدى يىقىلىپ چۈشكىلى.

Bir ara okulu değiştirmeği düşünüyordun.

بىر ۋاقىتلاردا مەكتەپ ئالماشتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتقان ئىدىڭ.

## ئېنىقسىز ئۆتكەن زاماننىڭ ھىكايىسى

Belirsiz geçmiş zamanın hikâyesi bir işin daha önce yapıldığını kuvvetli bir şekilde belirtir. Örneğin:

ئېنىقسىز ئۆتكەن زاماننىڭ ھىكايىسى بىر ئىشنىڭ بۇرۇن قىلىنغانلىــــنى كۈچلۈك بىر تەرزدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

Buralarda yenisin galiba. Seni daha önce görmemiştim.

بەلكىم بۇ يەرگە يېڭى ئوخشايسەن. سېنى بۇرۇن كۆرمىگەن ئىدىم.

Ben de senin gibi bu filmi çok önce izlemiştim.

مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بۇ فىلىمنى ناھايىتى بۇرۇن كۆرگەن ئىدىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



Belirsiz geçmiş zamanın hikâyesiyle belirli geçmiş zamanın hikâyesini aynı anlamda kullanmaktayız.

ئېنىقسىز ئۆتكەن زاماننىڭ ھېكايىسى بىلەن ئېنىق ئۆتكەن زاماننىڭ ھېكايىسى ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلمەكتە.

Buraya daha önce geldiydim.

بۇ يەرگە بۇرۇن كەلگەن ئىدىم.

Buraya daha önce gelmiştim.

بۇ يەرگە بۇرۇن كەلگەن ئىدىم.

Yapılan işten hemen sonra konuşuluyorsa genellikle belirli geçmiş zamanın hikâyesi kullanılır.

قىلىنغان ئىشتىن كېيىنلا دېيىلگەن بولسا ئومۇمەن ئېنىق ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ.

Ömer'i az önce sınıfa girerken gördüydüm.

ئۆمەرنى بىرئاز بۇرۇن سىنىپقا كىرىۋاتقاندا كۆرگەن ئىدىم.

Belirsiz geçmiş zamanın hikâyesi kullanıldığında genellikle bir hatırlatma vardır.

ئېنىقسىز ئۆتكەن زاماننىڭ ھېكايىسى ئىشلىتىلگەندە ئومۇمەن بىر ئېسىگە سېلىش، ئەسلىتىش ئىپادىلىنىدۇ.

Vizeden aldığım notu sana söylemiştim.

ۋىزەدىن ئالغان خەتنى ساڭا دېگەن ئىدىم.

Nereye gideceğimi ona söylemiştim.

قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا دېگەن ئىدىم.

Belirsiz geçmiş zamanın hikâyesi cümlenin yüklemi olarak kullanılmadığında ise zarf fiill anlamı yüklenir.

ئېنىقسىز ئۆتكەن زامانىنىڭ ھېكايىسى جۈملىدە خەۋەر سۈپىتىدە قوللىنىلمىسا رەۋىشداش مەنىسىدە كېلىدۇ.

Yeni yatmıştım. Telefon çaldı.

يېڭى ياتقان ئىدىم، تېلېفون سايرىدى.

Yatar yatmaz telefon çaldı.

ياتار - ياتماي تۇرسام تېلېفون سايرىدى.

Okula gelmiştim, sana baktım.

مەكتەپكە كەلگەن ئىدىم، ساڭا قارىدىم.

Okula gelmişken sana baktım.

مەكتەپكە كەلگەن بولغاچقا ساڭا قاراپ باقتىم.

Şimdi okuyacağımız metni belirsiz geçmiş zamanın hikâyesinin cümle içerisindeki kullanımlarına dikkat ederek dinleyiniz.

تۆۋەندە ئوقۇماقچى بولغان تېكىستنى ئېنىقسىز ئۆتكەن زامانىنىڭ جۈملىدىكى ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلغاچ ئاڭلاڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىم ئامبىرى

# Marangoz

Eski çiftlik evini restore etmek için tuttuğum marangoz işteki ilk gününü zorlukla tamamlamıştı. Arabasının patlayan lastiği onun işe bir saat geç gelmesine sebep olmuştu. Elektrikli testeresi iflas edip eski pikabı çalışmamıştı. Onu evine götürürken yanımda adeta bir taş gibi oturuyordu. Evine ulaştığımızda beni ailesiyle tanışmam için davet etmişti. Eve doğru yürürken küçük bir ağacın altında kısa bir süre durdu. Dalların uçlarına her iki eliyle dokunmuştu. Kapı açıldığında adam şaşırtıcı bir şekilde değişti. Yüzünde bir gülümseme meydana geldi. İki çocuğunu kucakladı ve karısına sarılarak onu öpüverdi.

Daha sonra beni arabaya yolcu etmeye geldiğinde ağacın yanından geçerken merakım daha da artmıştı ve ona eve giderken gördüğüm olayı sordum. O benim dert ağacım, dedi. Elimde olmadan işimde bazı sorunlar çıkıyor; ama şundan eminim ki o sorunlar evime, eşime ve çocuklarıma ait değil. Bunun için bu sorunları her akşam eve giderken o ağaca asıyorum. Sabahları tekrar onları oradan alıyorum; ama komik olan ne biliyor musunuz? Ertesi sabah onları almaya gittiğimde astığım kadar çok olmadıklarını görüyorum.

# ياغاچچى

دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كونا ئۆينى ئوڭشىتىش ئۈچۈن ياللىغان ياغاچچى ئىشقا كەلگەن تۇنجى كۈننى مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە ئاياغلاشتۇرغان ئىدى. ماشىنىسىنىڭ ئېتىلىپ كەتكەن كامىرى ئۇنىڭ ئىشقا بىر سائەت كېچىكىپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. توكلۇك ھەرىسى بۇزۇلۇپ كونا پىكابى ئوت ئالمىغانىدى. ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغۇچە يېنىمدا خۇددى تاشتەكلا ئولتۇراتتى. ئۆيىگە يېتىپ بارغىنىمىزدا مېنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۆيگە ئۇدۇل مېڭىۋېتىپ كىچىك بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا قىسقىغىنە بىر ۋاقىت تۇرۇپ، شاخنىڭ ئۇچىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ قويدى ئىشىك ئېچىلغاندا ئادەم ھەيران قالارلىق بىر شەكىلدە ئۆزگەردى. يۈزىدە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئىككى بالىسىنى قۇچاقلىدى ۋە ئايالىنىمۇ قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى.

ئاندىن كېيىن مېنى ماشىنا يېنىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگىنىدە دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتكىچە قىزىقىشىم تېخىمۇ ئاشتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆيگە ماڭغۇچە كۆرگەن ئىشنى سورىدىم. «ئۇ مېنىڭ دەرت دەرىخىم» دېدى. ئۆزۈم بىلمەستىن ئىشىمدا بەزى مەسىلىلەر چىقىپ قالىدۇ. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ئۇ مەسىلىلەر ئۆيۈمگە، ئايالىمغا، بالىلىرىمغا ئائىت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەرنى ھەر كۈنى كەچ ئۆيگە ماڭغاندا ئۇ دەرەخكە ئېسىپ قويىمەن. ئەتىگەنلىكى ئۇلارنى ئۇ يەردىن تەكرار ئالىمەن. ئەمما قىزىق بولغىنى نېمە بىلەمسىز؟ ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇلارنى ئالغىلى بارغىنىمدا ئېسىپ قويغان ۋاقتىمدىكىدەك جىق ئەمەسلىكىنى كۆرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچى ھەققىدە

**توختىگۇل روزى:** 2005 ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، تۈرك تىلىنى 2008 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە باشلىغان. 2009 ـ يىلى ساۋاقداشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە مەكتەپتە تۇنجى قېتىملىق تۈرك تىلى كۇرسى ئاچقان. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ساۋاقدىشى بىلەن مەكتەپتە تۇنجى نۆۋەتلىك تۈرك تىلى لېكسىيە سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ مۇئەللىملىرى ۋە لېكسىيەگە قاتناشقان تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. مەكتەپ پۈتتۈرگىچە 1000دىن ئارتۇق ھەۋەسكارغا تۈرك تىلى ئۆگەتكەن. 2010 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتى قاراماي‌غا قايتقان ۋە شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ نۇرلان ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا شىركىتىدە ئىشلەشكە باشلىغان. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ۋە ھەپتە ئاخىرلىرى تۈرك تىلى كۇرسى ئېچىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ھازىرقى تۈركىيە بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياجى كۈنسايىن ئاشماقتا. لېكىن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبلىك، ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگىتىش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، ھوزۇرۇڭلارغا سۇندى.

كىتاب ھەققىدە:

كىتابتا تۈرك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىسى روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ، قەلەم ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىسىز ئۆگىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيسىز.

كىتاب تۈزۈش جەريانىدا يېقىندىن ياردەمدە بولغان تۈركىيە تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مۇستافا كاچالىن ئۇستازغا، شۇنداقلا شۇ يەردە ئوقۇۋاتقان دوستلىرىمغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

# Şirket hakkında

Sincan Nurlan elektronik limited şirketi 2008 ağustos kurulmuştur, ve (Elşi) adında ilk Kazakça sistemli cep telefonu üretip kardeş millet sayılan Kazakların Kazakça sistemli elektronik ürünü olmama durumuna son verdik. 2009 ağustosta (Nurlan) markasında ilk Kazakça sistemli DVD oynatıcısını ürettik ve bugüne kadar 8 çeşit cep telefon, 4 çeşit DVD oynatıcısını Kazak milletinin beğenisine ve tüketimine sunduk. Bundan sonra yeni teknoloji ve kaliteli donanım temelinde yeni şeyleri üretip Kazak halkının tüketim ihtiyıcını karşılamayı umuyoruz.

Son zamanlar Türkiye ile ticaret, kültür iletişiminin çoğalmasının ardından Türk dili öğrenmek ticaret, turizim, Türkiyede okumak isteyenler ve Türkiye kültürünü sevenler için önemli bir yere sahip olmaya başlamaktadır. Pazar ihtiyacına göre şirketimiz Türk dilinde başarılı gençleri bir araya getirdik, ve Türkiye Türk dil kurumunun başkanı Prof.Doktor Mustafa KAÇALIN Beyin yardımıyla bir senedir hazırlık ve araştırma sonucunda elinizdeki Merhaba Türkçe adındaki okuma kalemli kitabı ortaya çıkardık. İşbu kitap iki kısımdan oluşmuştur, kitaptaki sözcük, cümle, metin hatta dil bilgisini de Türkçe Uygurca kaliteli sesle dinleyebilirsiniz, böylelikle okulsuz öğretmensiz öğrenme amacına ulaşmanızı sağlıyoruz. Biz söz veriyoruz ki

Sizde Türk dili ve Türk kültürüne son derece merak varsa, bu kitap size Türk dili öğrenme süresinde en iyi eş olacaktır.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شىركەت ھەققىدە

شىنجاڭ نۇرلان ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا
قۇرۇلغان بولۇپ شۇ يىلى ‹ەلشى›ماركىسىدا تۆنجى ئەۋلات قازاقچە سېستىمىلىق يانفوننى
ئىشلەپ قېرىنداش مىللەت قازاقلارنىڭ مىللى تىل ـ يېزىقتا ئېلېكترون مەھسۇلات بولماسلىق
تارىخىغا خاتىمە بەردۇق ، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ‹نۇرلان› ماركىسىدا تۆنجى ئەۋلات قازاقچە
سېستىمىلىق DVDئىشلەپ بازارغا سالدۇق ۋە بۇگۈنگە قەدەر 8 خىل يانفون 4خىلDVD
ئىشلەپ قازاق خەلقىنىڭ ئىستىمالىغا سۇندۇق ھەم بۇندىن كىيىن داۋاملىق يېڭى تېخنىكا ،
مەزمۇت قاتتىق دېتال ئاساسىدا يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپ قازاق خەلقىنىڭ ئىستىمال
ئېھتىياجىنى قاندۇرىمىز .

يىقىنقى يىللاردىن بېرى دىيارىمىز بىلەن تۈركىيە ئارىسىدىكى سودا ـ ئىقتىساد ،
مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈنسېرى كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش سودا
قىلغۇچىلار ، ساياھەتچىلەر ،تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولىۋاتقانلار ۋە كەڭ تۈرك
مەدەنىيىتىگە ھەۋەس قىلغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى تەخىرسىز تېمىغا ئايلاندى بۇ بازار
ئېھتىياجىغا ئاساسەن شىركىتىمىز تۈرك تىل ئاساسى بىر قەدەر ياخشى ياشلارنى تەشكىللەپ ،
تۈركىيە تۈرك تىل جەمىيىتى باشلىقى پىروفىسسور ،دوكتۇر مۇستافا كاچالىن ئەپەندىمىنىڭ
يېتەكچىلىگىدە بىر يىلدىن بېرى تەييارلىق ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قولىڭىزدىكى بۇ
‹مەرھابا تۈركچە › نامىدىكى ئېلېكتورون قەلەملىك ئاۋازلىق مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقاردۇق،
بۇ مەھسۇلات ئىككى قىسىم كىتاپ ئاۋازلىق ئېلېكتورونلۇق قەلەمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ
كىتاپتىكى سۆزلۈك جۈملە تېكىست ھەتتا گىراممانتىكا قاتارلىق پۈتۈن مەزمۇنلارنى تۈركچە
ئۇيغۇرچە ھەققى ئادەم ئاۋازى بىلەن ئاڭلاپ مەكتەپسىز مۇئەللىمسىز ھالەتتە تىل ئۆگىنىش
مەخسىتىگە يېتەلەيسىز . بىز ئىشەنچ بىلەن سىزگە شۇنى ئېيتالايمىزكى سىزدە تۈرك تىلى
ۋە تۈرك مەدىنىيىتىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق بولىدىكەن بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىك
ھەقىقەتەنمۇ سىزنىڭ تۈرك تىلى ئۆگىنىش جەريانىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ھەمرايىڭىز
بولالايدۇ.

**شىنجاڭ نۇرلان ئېلېكتورون پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى**

***Sincan Nurlan Elektronik teknoloji Ltd.şirketi***